شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

2001·9

JOINWORLD

شىنجاڭ جۇڭخې پاي چەكلىك شىركىتى

XINJIANG JOINWORLD CO.,LTD.



مۇدىرىيەت باشلىقى ، باش دىرېكتور : جاڭ يىڭچېن

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 ـ يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 ـ يىغىنى 27 ـ ئىيول ئېچىلدى. يىغىنغا مۇدىر ھامىدىن نىياز رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمانچىلىق قانۇنى نى يولغا قويۇش چارىسى »، « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى »، « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراماي شەھەرلىك 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى » قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ « غۇلجا شەھىرىنىڭ، كېرەكسىز سۇنى چىقىرىۋېتىشنى باشقۇرۇش نىزامى »، نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى » ھەم كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى ماقۇللاندى.




مۇئاۋىن مۇدىر ئاسانبېك تۇردى گۇرۇپپا يىغىنىدا « ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى » نى قاراپ چىقتى.



كومىتېت ئەزالىرى گۇرۇپپا يىغىنىدا، ھەر ساھەلەردە يۈزلىگەن قانۇنچىلىق تەشۋىق ـ تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنىڭ 4 ـ بەش يىللىق پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش، توغرىسىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىقتى.



يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدىن كەلگەن كومىتېت ئەزالىرى گۇرۇپپا يىغىنىدا « ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش نىزامى » نىڭ ئىجرالىسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى قاراپ چىقتى.



ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت روزى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مەمەت يۈسۈپ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.



يىغىنغا سىرتتىن قاتناشقان تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتچى كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى گۇرۇپپا يىغىنىدا ئاپتونوم رايونىنىڭ تۈزۈتىشكە تاشيول قاتنىشى ھەققىدە يىغىش ئەھۋالىغا قارىتا پىكىر بەردى.

# 4 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش مارشىنى ياڭرىتايلى

## ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

ئومۇمىي خەلققە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش پائالىيىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا يولغا قويۇلغىنىغا 15 يىل بولدى . ھازىر بىز 4 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئوڭۇشلۇق ھالدا قەدەم قويدۇق .

ئەسىر ئالماشقان پەيتتە ئاخىرلاشقان 3 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى پائالىيىتى پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ پارلاق نۇرىدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئەۋجگە چىقىپ ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى . بىرىنچىدىن ، ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇننى ئۆگىنىش ، ئىشلىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغانلىقتىن ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قانۇنچىلىق قارىشى ۋە قانۇن ئېڭى كۈندىن كۈنگە ئۆستى؛ ئىككىنچىدىن ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار قانۇننى ئۆگىنىش ، ئىشلىتىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرغانلىقتىن ، قانۇن بويىچە تەدبىر بەلگىلەش ، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسى تېخىمۇ ئاشتى؛ ئۈچىنچىدىن ، قانۇنچىلىق تەربىيىسى بىلەن قانۇنچىلىق ئەمەلىيىتى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەنلىكتىن ، ناھىيە (شەھەر) نى يېزا(بازار)نى ، كەنتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى ، ساھەلەرنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى . ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، قانۇنچىلىق تەربىيىسىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشى ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ، ئىتتىپاقلىقنى قوغداپ ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىشنى قانۇن قورالى بىلەن تەمىنلىدى . غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا مۇلازىمەت قىلىدىغان ۋە كاپالەتلىك قىلىدىغان قانۇنچىلىق مۇھىتى شەكىللەندۈرۈلدى .

4 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ نىشانى: بىرىنچى ، ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئۆزگىرىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ ، بارلىق پۇقرالارنىڭ بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلارنىڭ قانۇن ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش؛ ئىككىنچى ، باشقۇرۇشتا ئاساسلىقى مەمۇرىي ۋاسىتىلەرگە تايىنىشنىڭ قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق باشقۇرۇشقا ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قانۇنلاشقان باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت . بۇ بىر مۇھىم ئۆزگىرىش ، شۇنداقلا ئومۇمىي خەلققە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنىڭ تېخىمۇ كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى . مۇشۇ ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ، شۇنداقلا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش ، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشنىڭ زۆرۈر تەلىپى .

ئاپتونوم رايوننىڭ 4 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ، جايلار دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان « ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ ، تەشكىلىي جەھەتتىكى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ، پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش ، خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك قىلىش ، ھۆكۈمەت يولغا قويۇش ، پۈتكۈل جەمئىيەت ئىشتىراك قىلىشتەك مېخانىزمنى يولغا قويۇپ ، ھەركىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ، ئىش تەقسىم قىلىنىپ ھەمكارلىشىپ ئىشلەش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش : ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلارنى ، ئەدلىيە ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنى ، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى ۋە كارخانا تىجارەتچى باشقۇرغۇچىلارنى مۇھىم ئوبيېكت قىلىپ ، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ ، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ ، پۈتكۈل جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ قانۇننى ئاڭلىق ئۆگىنىشىگە ، قانۇنغا رىئايە قىلىشىغا ، قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغدىشىغا تۈرتكە بولۇش؛ قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسىنى ئاساس قىلىپ ، يەرلىك ، ساھە ، ئاساسىي قاتلامنى قانۇن بويىچە تۈزەپ ، يەرلىكنىڭ سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇنلاشتۇرۇپ ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئەمەلىيىتىدە ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم .

كۆلىمى زور بولغان بۇ سىستېما قۇرۇلۇشىدا يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆتكەنكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ ، يېڭى يول ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 4 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشى لازىم . چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ، مۇۋاپىق پەيتتە قارار ، بېكىتمە چىقىرىپ ، ھەر ساھە ، ھەر كەسىپتىكىلەرنى ، ھەر مىللەت خەلقنى قانۇننى ئۆگىنىش ، قانۇننى ئىشلىتىشكە سەپەرۋەر قىلىپ ، پۈتكۈل خەلق قانۇن بىلەن باشقۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشى ، دوكلات ئاڭلاش ، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش ، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن بۇرۇن قانۇن ساۋاتلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار ۋە ئەدلىيە ئورگىنى خادىملىرىنىڭ قانۇننى ئۆگىنىش ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئىگىلىۋېلىشىنى زۆرۈر شەرت قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشى ، ئۆزىنىڭ قانۇن ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشى ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشى ، دۆلەت قانۇنىنىڭ نوپۇزى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئاڭلىق قوغداپ ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك .

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(ئايلىق ژۇرنال) (月刊)

2001 ـ يىل 9 ـ سان (ئومۇمىي 222 ـ سان) (21 ـ يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى : ئەنۋەر غۇلام

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى : سەمەت دۇگايلى

مۇھەررىرلەر: تاھىر مامۇت ، نۇرگۈل كېرەم

## ئوبزور

4 ـ بەشيىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش مارشىنى ياڭرىتايلى........ ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)

## رەھبەرلەرنىڭ سۆزى

قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى ...... ھامىدىن نىياز (4)

## مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش توغرىسىدا ........................................ ئەكبەر ئابدۇللا (10)

## خىزمەت تەتقىقاتى

ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك...... چىن دېخەي ، يۈجىرۇڭ (14)

نازارەتچىلىك قىلىشتا ئەمەلىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش كېرەك ........................شۆجيەنجۈن ، لى شى (18)

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.......................... ئوسمانجان تۇرسۇن (20)

## قانۇندىن ساۋات

دۆلىتىمىز ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ........................ ئالىم قادىر (22)

## قانۇن تەتقىقاتى

قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى توغرىسىدا ........................ ئەخمەت زايىت (26)

## جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش

ۋەكىللىك كىنىشكىسى شوپۇرلۇق كىنىشكىسىچىلىك بولالامدۇ؟........................ ۋاڭ شاۋيى (30)

داخانغا ئالدانغانىنىڭ ئاقىۋىتى........................ قۇۋانخان ئىسمايىل (32)

## خەۋەرلەر

باغشاۋات يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلدى قاتارلىق 5 پارچە خەۋەر ........................ (34)

## ئەكشۈرۈش دوكلاتى

مەكمت ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي نامايەن قىلدى ........................................ (36)

خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكتى ........................(37)

## تەرمىلەر

ۋاقىت ۋە خاراكتېر ........................................ (38)

## ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەربىيىسى

قانداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟ .......... خالىدە قاسىم (39)

## خەلق قۇرۇلتىيى سېپىدە

قابىل يېتەكچى، ئۈلگىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ........................ئېزىز توختى (42)

## باشلامچىلار

يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى تۆھپىكار ياش ........................ ئابدۇسالام نىياز (45)

## دېلو مىسالى

سۈرەت ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىشقا بولامدۇ؟ ........................ (47)

## دۇنياغا نەزەر

ئۇرۇش تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمى ....................ۋاڭ پېيئەن (51)

## تارىختىن سۆز

ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان سانائەت كارخانىلىرى ........................

........................ نۇرۇللا مۇئمىن يۇلغۇن (54)

## ئەتىرگۈل

ئاپا، مېنىڭ سۆزۈمنىمۇ ئاڭلاپ قويغىن ........................ (58)

شېئىر ۋە قوشاقلار........................................ (62)

## بىلىۋېلىڭ

مېۋە يېگەندە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىقلار ........................ ... .........(60)

## كىچىك لۇغەت

قانۇن - نىزاملاردا قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار ........................................ (61)



بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە نەشر قىلىنىدۇ

ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ، جايلاردىكى چېتىشلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

تېكىستى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مۇقاۋىسى شىنجاڭ تاشقى سودا ئۇراش - قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65—1033 / DW

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 - 58 پوچتا نومۇرى: 830000

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 - قورۇ

تېلېفون: 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى

ھامىدىن نىياز



20 يىلدىن بېرى ، بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتى ئىزدىنىش جەريانىدا ئالغا بېسىپ ، ئەمەلىيەت جەريانىدا مۇكەممەللىشىپ ، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى . قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن چىقىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشكىمۇ ئەھمىيەت بەردى . قانۇننىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى ، ئىسلاھات ، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئومۇمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئاگلىق قوغداشنى گەۋدىلەندۈردى . نازارەتچىلىك خىزمىتىدە ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك تۈزۈمى ، ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش تۈزۈمى ، باھالاش تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەرنى تۈزۈپ ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇردى ، تۈزۈملەشتۈردى . ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ ، باھالاشنى قانات يايدۇرۇپ ، قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ، نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇپ ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى . ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ پائالىيىتى جانلىنىپ ، ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ يوللىرى كېڭىيىپ ، ۋەكىللەرنىڭ رولى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى . يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار گەرچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى بىر قانچە تەرەپ بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى تەرەققىياتى ۋە نەتىجىلىرىنى ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى تولۇق ئەكس

ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ .

نۆۋەتتە : دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ .

مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە مۇشكۈل قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئالدىدا ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ ، بۇرچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئورۇندىشى لازىم . بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى ، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئومۇمىيلىق ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ ، يىراقنى نەزەر تاشلاپ ، خىزمەتلەرنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات ، تەرەققىيات ، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىدە تۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى زىچ چۆرىدەپ ، ئومۇمىيلىققا تېخىمۇ ياخشى بويسۇنۇشى ۋە خىزمەت قىلىشى لازىم . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاساسىي قانۇن ، قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈپ ، خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك ئىشلەپ ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى .

دەرۋەقە ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلانماقتا ، ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىشكە تېگىشلىك تەرەپلەرمۇ ئاز ئەمەس . بولۇپمۇ ، بۇ يىل ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئۆتتۈرۈشىدىكى سايلامدا ئاشكارىلانغان بەزى مەسىلىلەرگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك .

بۇ مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبى كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ ، لېكىن تۈپتىن ئېيتقاندا ، قانۇننى ئەستايىدىل ئۆگەنمىگەنلىك ، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلمىغانلىق ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقتىن بولغان .

**1 . ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش لازىم**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش ھوقۇقى بار ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قىسمەن نىزام چىقىرىش ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيە نىزامى ، ئايرىم نىزام چىقىرىش ھوقۇقى بار ، مۇشۇ نۇقتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئەڭ كۆپ يۈرگۈزىدىغان ھوقۇق نازارەتچىلىك ھوقۇقى ، ئەڭ كۆپ ، دائىم ئىشلەيدىغان خىزمەت نازارەتچىلىك خىزمىتى . ھۆكۈمەت ، ئىككى مەھكىمىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى ، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىمىز ، قانۇننى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشىمىز ، قانۇننى بىلى-

شىمىز كېرەك . خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىشلەيمىز ، كۈندە قانۇن بىلەن ھەپىلىشىپ تۇرىمىز ، شۇڭا تەبىئىي ھالدا قانۇننى بىلىۋالىمىز ، قانۇن ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشنىڭ ھاجىتى يوق ، دەپ قارىساق بولمايدۇ . ئەمەلىيەتتە ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە بەزى قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىكى تۈپ سەۋەب قانۇن ئۆگىنىشىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشنىڭ چوڭقۇر ، يېتەرلىك بولمىغانلىقىدا . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشۋىقات ، تەربىيە خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق تەربىيە مەركىزى قۇردى ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن ئىككى قارار ئېچىپ ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى . ئەمما ، تەربىيىلەش مەزمۇنى ، ۋاقتى ، ئادەم سانى چەكلىك بولدى . قانۇنلارنى كۆپلەپ ئۆگىنىش ، دائىم ئۆگىنىش ئىشىنى يەنىلا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆزلىرى چىڭ تۇتۇشى كېرەك . ئۆگىنىش داۋامىدا ، بىرىنچىدىن ، خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان قانۇن ، نىزاملارنى ، مەسىلەن : ئاساسىي قانۇن ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى ، سايلام قانۇنى ، ۋەكىللەر قانۇنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامى ، ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى ، باھالاش خىزمىتى نىزامى ، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ بىۋاسىتە سايلامنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا ئائىت تورلۇك قانۇن تەرتىپلىرىنى پىششىق ئىگىلەش ۋە تەتبىقلاش كېرەك . ئىككىنچىدىن ، ھەر قايسى جەھەتتىكى قانۇن ، نىزاملارنى ، مەسىلەن : مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ، مەمۇرىي جازا قانۇنى ، جىنايى ئىشلار قانۇنى ، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى قاتارلىق قانۇنلارنى ئۆگىنىپ ، قانۇنلارنىڭ پرىنسىپى ، ئاساسىي تەرتىپى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ ، نازارەتچىلىك خىزمىتى ۋە چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىشنى قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن قىلىشىمىز كېرەك . بۇ قانۇنلارنى ئۆزىمىز ئوبدان ئۆگەنمىسەك ، قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرنى بايقىيالمايمىز ، ھۆكۈمەت ، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچالمايمىز . ئۈچىنچىدىن ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش ، قانۇنغا ئاساسلىنىش ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرۈشتەك سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئاڭلىقلىقىمىز ۋە قەتئىيلىكىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك . شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى 5 يىلدا بىر قېتىم نۆۋەت ئالماشتۇرىدۇ ، خەلق قۇرۇلتىيىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان يولداشلار بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ . شۇڭا ، قانۇن ئۆگىنىشنى ئىزچىل تۈردە بوشاش-

ماي چىڭ تۇتۇش كېرەك . ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تۈزۈم ئورنىتىپ ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە ئورگان كادىرلىرىنى قانۇن ، نىزاملارنى ئۆگىنىشكە قەرەللىك تەشكىللىشى ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ، خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاش ۋە خىزمەتلەرنى باھالاشتا ئالاقىدار قانۇن ، نىزاملارنى ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ ، قارار ، بېكىتمىلىرىمىز ، پىكىر ، تەكلىپلىرىمىزنى ئىشەنچلىك قانۇن ، نىزام ئاساسىغا ئىگە قىلىپ ، ھەقىقىي ئاقىدىغان قىلىشىمىز كېرەك .

**2 . قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش لازىم**

خىزمەت ھوقۇقىنى قەتئىي تۈردە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە يۈرگۈزۈش خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تەلىپى . قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش ـ كۆرمەسلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچار ئىشلەنگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ روشەن ئۆلچەم . قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش كۆرمەگەندە ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ چىقىش يولى بولمايدۇ ، ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشمۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ . قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش دېمەككە ئاسان ، قىلماق تەس . ئۇزاق مۇددەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەتتە شەكىللەنگەن ئادەم ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى دېمەي تۇرايلى ، كۆندىلىك خىزمەت ۋە تۇرمۇشىمىزدا يولۇققۇۋاتقان ئادەمگەرچىلىكمۇ قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشىمىزگە زور تەسىر كۆرسەتمەكتە . ئەمما شۇنى تونۇشىمىز لازىمكى ، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىمىزدىكى مەقسەت ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ نوپۇزىنى ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىززىتى ۋە نوپۇزىنى قوغداش شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئىززىتى ۋە نوپۇزىنى قوغداشتىن ئىبارەت . ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار تېگىشلىك ھۆرمەتكە ئېرىشەلمىسە ، ئىجرا قىلىنمىسا ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنى ۋە رولىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ . دېمەك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان يولداشلار ئۆز ھاياتىنى قەدىرلىگەندەك قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئىززىتى ۋە نوپۇزىنى قەتئىي قوغدىشى لازىم .

قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم تۆۋەندىكى ئىككى شەرتنى ھازىرلاش لازىم . بىرىنچى ، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش كۆرىدىغان جاسارەت بولۇش ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ، قانۇنغا خىلاپ بارلىق قىلمىشلارغا قارشى كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش لازىم . قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرنى سەزگەندە ، ئاخىرغىچە چىڭ تۇتۇپ ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئۇنى ھەل قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشىمىز كېرەك . قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەر بىلەن كارىمىز بولمىسا ياكى ئۇنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە سادىر بولۇشىغا يول قويساق ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولىمىز . ئىككىنچى ، ئەستايىدىل ، ئېھتىياتچان خىزمەت پوزىتسىيىسى بولۇشى كېرەك . خىزمەت ھوقۇقىنى قەتئىي تۈردە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە يۈرگۈزۈش ، بولۇپمۇ سايلام ۋە كادىرلارنى تەيىنلەش خىزمىتىنىڭ ھەممە ھالقىلىرىدا قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز

كېرەك . مەسىلىلەرگە يولۇققاندا قارىسىغا ئىش قىلماي ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل تەتبىقلاش ، بىر قارارغا كېلەلمىگەندە ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى-دىن ۋاقتىدا يوليورۇق سوراش كېرەك . خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە قانۇنغا ئېغىر خىلاپ مەسى-لىلەرنىڭ كۆرۈلۈشىگە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ .

**3 . پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش كۆ-رۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش لازىم**

پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ، كادىر-لارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومى-تېتى كادىرلارنى قانۇن بويىچە سايلاش ، تەيىن-لەش پۈتۈنلەي بىردەك . بۇ زور سىياسىي پرىن-سىپال مەسىلىدە ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇ-رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ تونۇشى ئېنىق بولدى ، ھەرىكىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن يۈكسەك بىردەك بولۇپ كەلدى ، ھېچقانداق مۇجمەللىك ۋە تەۋرىنىش كۆرۈلمىدى . يېقىندا كۆپچىلىك باش شۇجى جياڭ زېمىنىنىڭ مەملىكەتلىك جەمئىيەت ئامانلىقى خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنى ئۆگەندى . باش شۇجى جياڭ زېمىن بۇ سۆزىدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بولۇپمۇ پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر شەرھلى-دى ، بۇ نۆۋەتتىكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتە ئىنتايىن چوڭقۇر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . بىز ئۇنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ، ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ، پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن ، سىياسەتلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىز-مىتىدە ئومۇميۈزلۈك توغرا ئەمەلىيلىشىشىگە كاپا-لەتلىك قىلىشىمىز لازىم . پارتىيە رەھبەرلىكىدە ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش جەھەتتە ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ياخشى ئىشلەپ كەلدى . بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيدۇ .

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى پارتىيە خىزمە-تىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى . ئاساسىي قانۇن ، قانۇنلار ، نىزاملارنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش پارتىيە ۋە خەلق ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا تاپشۇرغان مۇھىم ۋەزىپە . ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا ھەر دەرى-جىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا يۈكلەنگەن قانۇنىي مەسئۇلىيەت . خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭمۇ تەلىپى ، ئا-ساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭمۇ تەلىپى ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە سىياسىيغا ئەھمىيەت بەر-گەنلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ھەم دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقنىڭمۇ كونكرېت ئىپادىسى . مەملىكىتىمىزدە ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ، پارتىيە-نىڭ رەھبەرلىك ئورنى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ . ئۇنىڭ ئاساسىي يولى قانۇنىي تەرتىپ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى دۆلەتنىڭ ئىرا-دىسىگە ئايلاندۇرۇش . بۇ ئىككى جەھەتنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، يەنە بىرى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئىش كۆرۈش يەنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم تەدبىر، سىياسەت بەلگىلىگەندىن كېيىن، پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى قانۇنىي تەرتىپ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى پارتگۇرۇپپىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپ قالىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى پارتگۇرۇپپىلىرى بىرىنچىدىن، تەڭ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئاكتىپ، تەشەببۇسكار ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى پارتگۇرۇپپىسى تەڭ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ تەلىپى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ بولسا، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنى پارتكومغا چۈشەندۈرۈپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىشى؛ پارتكوم پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالسا، ئۇنى ئىجرا قىلغاچ تۇرۇپ پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومدىن ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىدىن يوليورۇق سورىشى كېرەك. مۇشۇنداق پوزىتسىيىلا، پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدا، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئالدىدا جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيىسىدۇر.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە زور ئىلگىرىلەش بولدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر تېخىمۇ مۇشكۈل، ئىزدىنىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر يەنىلا كۆپ. ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، پۇختا ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

**( بۇ ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىيازنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان 6 - قېتىملىق ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئالاقىلىشىش يىغىنىدىكى سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى )**

# سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش توغرىسىدا

ئەكبەر ئابدۇللا

پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : « دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتى بىزدىن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇپ ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ » . دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نىشانى ۋە مەزمۇنى قىلىنىپ ، پارتىيىمىزنىڭ پروگراممىا خاراكتېرلىك ھۆججىتىگە تۇنجى قېتىم كىرگۈزۈلگەنلىكى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ سىياسىي ۋە نەزەرىيە جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ زور دەرىجىدە مۇكەممەللەشكەنلىكى ۋە راۋاجلانغانلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى . بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە .

**1 . سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق بىر ـ بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق ئىجتىمائىي ھادىسە**

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە — ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي ئىگىدارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان سىياسىي تۈزۈم ، تارىختىكى يېڭىچە دېموكراتىيە . سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ يادروسى بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ ، خەلق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن ، باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن ۋە دۆلەت تۇرمۇشىنى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ، دېگەندىن ئىبارەت .

قانۇنچىلىقمۇ كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ ئۇنىڭغا ھەر خىل تەبىر بېرىلىپ كەلدى . كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا قانۇنچىلىق ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ، دۆلەت ھاكىمىيىتى ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان ، ئۆز سىنىپىنىڭ دىكتاتورىسىنى قوغدايدىغان قانۇن ۋە تۈزۈمدىن ئىبارەت . تار مەنىدىن چۈشەنگەندە ، قانۇنچىلىق بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ، ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ، خىزمەتچى خادىملار ۋە پۇقرالارنىڭ دۆلەت قانۇنىغا قاتتىق ، باراۋەر رىئايە قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ . كەڭ مەنىدىكى قانۇنچىلىق ھەر قانداق دۆلەتتە مەۋجۇت . تار مەنىدىكى قانۇنچىلىق بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، دېموكراتىيە تۈزۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، ئۇ پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ۋە ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتى قىلغان قانۇنچىلىقتىن ئىبارەت .

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق — ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن ئورنىتىلغان قانۇن ـ تۈزۈمدىن ئىبارەت . ئۇنىڭ مەزمۇنى : قانۇن چىقىرىش ، قانۇن ئىجرا قىلىش ، قانۇنغا رىئايە قىلىش ۋە قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ، بارلىق دۆلەت

ئورگانلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملار شۇنىڭدەك بارلىق پۇقرالاردىن قانۇنغا قاتتىق رىئايە قىلىشنى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە قاتتىق ئىدارە قىلىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت.

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ تەلىپى ئىنتايىن كەڭ، مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئاساسىي تەلىپى: ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا ئاساسلىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ تۆت تەرەپ ئۆز - ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك ۋە بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە. مۇشۇ تۆت تەرەپنى تولۇق ئورۇندىغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى ۋە 15 - قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكىلى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىجابىي شەرت هازىرلىغىلى بولىدۇ.

ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش — سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى خەلقنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى ۋە ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئېتىراپ قىلىدىغان، قوغدايدىغان قانۇن، پەرمان، مەمۇرىي نىزام، قارار، بۇيرۇق ۋە يەرلىك نىزام قاتارلىقلارنى تۈزۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ. قانۇن چىقىرىش سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى قانۇنىي ئاساس.

قانۇنغا ئاساسلىنىش — قانۇنغا ئومۇمىيۈزلۈك رىئايە قىلىش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش پرىنسىپىنى كۆزدە تۇتىدۇ. يەنى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى، خىزمەتچى خادىملىرى، پۇقرالار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە پارتىيىلەر سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىغا ھەمدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئۇيغۇن بولغان بارلىق قانۇنلۇق ھۆججەتلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. قانۇنغا ئاساسلىنىش — سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ تۈپ ھالقىسى ۋە ئاچقۇچى. قانۇن تۈزۈپ ئەمەل قىلماسلىق قانۇن بولمىغان بىلەن باراۋەر.

قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش — قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگان ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىغا قويۇلغان ئالاھىدە تەلەپ شۇنداقلا سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم شەرتى. قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش دېگەندە، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگان ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىدىن قانۇننى يولغا قويۇش جەريانىدا كەسكىن، جىددىي، قاتتىق بولۇپ، ئىشلارنى قانۇندا بەلگىلەنگەن مەزمۇن، روھ ۋە تەرتىپ بويىچە بېجىرىش، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ۋە نوپۇزىنى قوغداشقا ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بارلىق جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش، قىلچە يۈز خاتىرە قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش — قەتئىي ھالدا «قانۇننى تونۇش، ئادەمنى تونۇماسلىق؛ قانۇننى تونۇش، بايلىقنى تونۇماسلىق؛ قانۇننى تونۇش، ھوقۇقنى تونۇماسلىق» نى تەلەپ قىلىدۇ.

قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش — قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنىڭ ھەممىسىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈش ۋە جازالاش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقتىن قېچىپ، قانۇن سىرتىدا يۈرۈشكە يول قويماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم كاپالەت.

قىسقىسى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ يۇقىرىدا

شەرھلەنگەن تۆت جەھەتتىكى ئاساسي تەلپى بىر ئورگانىك گەۋدە بولۇپ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ . ئۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتىكى ئاساسلىق سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىن ئىبارەت .

**2 . سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ مۇناسىۋىتى**

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، بىر ـ بىرىگە بېقىندۇ . بۇ ئىككىسى دىئالېكتىكىلىق بىرلىك بولۇپ ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ . شۇڭا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بولمىسا ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق بولمايدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق بولمىسا ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيمۇ بولمايدۇ . سوتسىيالىستىك دۆلەت—ھەقىقىي دېموكراتىك دۆلەت . مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق تۆۋەندىكىدەك مۇناسىۋەتتە ئىگە : يەنى ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈشى ۋە كاپالىتىدىن ئىبارەت .

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى .

1) سوتسىيالىستىك دۆلەت بەرپا قىلىنمىسا ، خەلق ئەمەلىيەتتە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەشتەك بۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە پاكىتى بولمىسا ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس . سوتسىيالىزم شارائىتىدا ، خەلق دېموكراتىيىگە ئېرىشىپ ، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلق پەقەت ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەندىلا ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى دۆلەت ئىرادىسى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ ، ئۇنى قانۇن قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ . سوتسىيالىستىك دۆلەت تۈزۈمى بولغان دېموكراتىيىدىن ئىبارەت پاكىت مەۋجۇت بولمايدىكەن ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس .

2) دېموكراتىيىنىڭ خاراكتېرى قانۇنچىلىقنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ . يەنى قانداق دېموكراتىيە بولسا ، شۇنداق قانۇنچىلىق بولىدۇ . بۇ تارىخ تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت . دۆلىتىمىزدىكى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسى يەنى پرولېتارىيات دىكتاتورىسىدىن ئىبارەت . دەل مۇشۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا دۆلىتىمىز قانۇنچىلىقى سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

3) سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ مەنبەسى . سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تەرەققىي قىلغان ۋە كۈچەيتىلگەندىلا ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى ۋە كۈچەيتكىلى بولىدۇ . ئەگەر دېموكراتىيە ئاجىزلاشتۇرۇلسا شۇنىڭغا ماس ھالدا قانۇنچىلىق ئاجىزلىشىدۇ .

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈشى ۋە كاپالىتى .

بۇنداق دېيىشىمىزدىكى ئاساس :1) سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان دۆلەت تۈزۈمىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈشى ۋە كاپالىتىدۇر . 2) سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈشى ۋە كاپالىتىدۇر . 3) سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈشى ۋە كاپالىتىدۇر .

قىسقىسى ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دىئالېكتىكىلىق بىرلىك بولۇپ ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ ، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان ھالدا يەككە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس .

خۇددى پارتىيە 12 ـ قۇرۇلتىيى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجىنى توغرىسىدىكى قارارىدا كۆرسىتىلگەندەك : « سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى كېرەك قىلمايدىغان قانۇنچىلىق ھەرگىز سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئەمەس؛ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق كېرەك قىلمايدىغان دېموكراتىيە ھەرگىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئەمەس » . مانا بۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئەڭ چوڭقۇر بايان ۋە ئەڭ ئىلمىي يەكۈن .

پارتىينىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلاتتا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ : « سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش ، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ــ پارتىيىمىزنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان ئاساسىي فاڭجىنى . سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى » دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى . دوكلاتتا يەنە : « سوتسىيالىزم دېموكراتىيىدىن ئايرىلمايدۇ ، دېموكراتىيە بولمىسا سوتسىيالىزم بولمايدۇ » دەپ كۆرسىتىلدى . نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېيىلىدۇ؟ 1) پرولېتارىيات سىنىپى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ، بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كەلسە بولمايدۇ ، خەلق دېموكراتىيىسى سىياسىي تۈزۈمنى ئورناتقاندىلا ، ئاندىن سوتسىيالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشقىلى ۋە ئۇنى قوغدىغىلى ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ . خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك : « غەلىبە قىلغان سوتسىيالىزم ئەگەر تولۇق دېموكراتىيىنى يولغا قويمىسا ، ئۆزىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنى ساقلاپ قالالمايدۇ . . . . » 2) سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ بىرلىكى ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى . دۆلىتىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىلىقىدىكى دۆلەت تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئاساسىدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمىدۇر . بۇ خىل سىياسىي تۈزۈم ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈم ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان ئىدېئولوگىيە بىلەن بىرلىشىپ ، سوتسىيالىزمنىڭ مۇكەممەل ئورگانىزمىنى ھاسىل قىلىدۇ . ھەر قانداق بىرىنى چىقىرىۋەتكەندە ، سوتسىيالىزم مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ . 3) دېموكراتىيە سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مۇھىم ئىپادىسى . كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭكىدىنمۇ يۇكسەك ۋە ھەقىقىي دېموكراتىيىنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈش سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ نىشانى ۋە ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى .

دېمەك ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشتە ، خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ ، قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى توغرا ، ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا ، تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ، ھەر خىل قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا ، شۇنداقلا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتا ئىنتايىن زور ۋە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

( ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى بۆلۈمىدىن )

مەسئۇل مۇھەررىر : تاھىر ماموت

# ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك

چېن دېخەي ، يۈجىرۇڭ

ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش يەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى ئاۋازغا قويۇشتىن بۇرۇن ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە قانۇن بىلىملىرىدىن ئىمتىھان ئېلىشقا تەشكىللەش ، سايلىغۇچىلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىش ، ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ، ۋەزىپىگە تەيىنلەنمەكچى بولغان ئوبيېكتلارنىڭ رەھبەرلىك ئىقتىدارى ، قانۇن سەۋىيىسى ، كەسپىي ئىقتىدارى ، خىزمەت ئىستىلى ، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ ئىگىلەش ، تەكشۈرگەندە ئۇنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش شەرتىگە توشۇپ خىزمەتنى قانات يايدۇرالايدىغان ـ يايدۇرالمايدىغانلىقىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار پائالىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ .

ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش خىزمىتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ھالقا بولۇپ ، خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ۋەزىپىگە تەيىنلەنمەكچى بولغان ئوبيېكتلارنىڭ ئەخلاقى ، قابىلىيىتى ، تىرىشچانلىقى ، تۆھپىسى ۋە سالاھىيىتىنى ئىگىلەيدىغان مۇھىم يول ، شۇنداقلا ئاۋازغا قويۇش ئالدىدىكى تەرتىپ . ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئەتراپلىق ئىگىلەپ ، ئاۋازغا قويۇش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە توغرا يۈرگۈزۈپ ، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنىڭ ئاشكارىلىقى ، ئادىللىقى ۋە نوپۇزىنى ئاشۇرۇپ ، پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتى ۋە جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ ، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ يۇقىرى ساپالىق ، يۇقىرى سەۋىيىلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

**1 . ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالنى بىلىش ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى ئاۋازغا قويۇش ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشنىڭ ئېھتىياجى .** نۆۋەتتە ، بەزى يەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تەكلىپىنى قاراپ چىققاندا ، ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە سۇنغان ئورگان نامزاتنى ناھايىتى ئاددىي ، پرىنسىپال تونۇشتۇرغان ، بەزىلىرى بىر پارچە قىسقىچە تارىخ جەدۋىلىنى يوللىغان ، بەزىلىرى تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى قوشۇپ يوللىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە قۇر ، ئون نەچچە قۇر خەت يېزىلغان ، قېلىپلىشىپ قالغان سۆزلەر يېرىمىدىن كۆپرەكنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدىن نامزاتنىڭ ئەخلاقى ، قابىلىيىتى ، تىرىشچانلىقى ، تۆھپىسى ، شەخسىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىش ئىنتايىن قىيىن . ئەگەر دائىمىي كومىتېت كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن بۇرۇنقى سالاھىيەتنى تەكشۈرۈشتە بۇ مۇھىم ھالقىغا سەل قارايدىكەن ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن يولداشلار ۋەزىپىگە تەيىنلەنمەكچى بولغان ئوبيېكتلارنى بىۋاسىتە كۆزەتمىگەچكە ۋە

تولۇق چۈشەنمىگەچكە ، ئابستراكت ۋاستىلىك ماتېرىيالغا تايىنىپلا ھۆكۈم چىقىرىشى ناھايىتى تەس . ھەتتا ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان ئوبيېكتلارنى تونۇمايدىغان ياكى ئەزەلدىن يۈز كۆرۈشۈپمۇ باقمىغان بولۇپ ، قوشۇلۇش ياكى قارشى ئاۋاز بېرىشنى بىلەلمەي ، ئاۋازغا قويۇپ بېلەت تاشلىغاندا قولايسىزلىق ھېس قىلىپ ، ئاخىرىدا ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىدىغان ياكى تەشكىلىي كۆز قاراشقا تايىنىپ پارتكومنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئىشىنىپ بېلەت تاشلايدىغان ئەھۋاللارمۇ بار . بۇنداق ئاۋازغا قويۇشنىڭ نەتىجىسى گەرچە قانۇندا كۈچكە ئىگە بولسىمۇ ، ماھىيەتتە ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ ھەقىقىي ئىرادىسىنى توغرا ، ئەتراپلىق ، ئادىل ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەي ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئاۋازغا قويۇش نەتىجىسىنىڭ نوپۇزىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ . دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ ئاۋازغا قويۇشى پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى ، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشتىكى زۆرۈر تەرتىپ ، شۇنداقلا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەرتىپى ، كەسكىن قانۇنىي ھەرىكەت بولۇپ ، ئەڭ ئالىي نوپۇزغا ، ئادىللىققا ئىگە . ئەھۋالنى بىلىش ئاۋازغا قويۇلىدىغان نامزاتنى قاراپ چىقىشنىڭ شەرتى بولۇپ ، ئەھۋالنى بىلمەي ئاۋازغا قويۇشتا قارىغۇلارچە ئىش قىلىشتىن ساقلىنىش تەس . شۇڭا ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىرادىسى بويىچە ، بېلەت تاشلاپ ئاۋازغا قويۇش ھوقۇقىنى ياخشى يۈرگۈزۈپ ، قارىغۇلارچە بېلەت تاشلاشنى ئازايتىپ ، ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى كېرەك .

2 . ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كادىرلارنى نازارەت قىلىشنىڭ داۋامى

شۇنداقلا ۋەزىپىگە تەيىنلەش تەرتىپىدىكى مۇھىم ھالقا . دائىمىي كومىتېتنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ چاكىرىنى نازارەت قىلىشىدىكى ئەڭ تۈپ شەكىل ، شۇنداقلا خەلقنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىشىدىكى تۈپ ۋاستە . كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تەرتىپى ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە سۇنۇش ، ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ، قاراپ چىقىش ، ئاۋازغا قويۇش ، ئېلان قىلىش قاتارلىق بىر قانچە ھالقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . خالىغان بىر ھالقىغا خىلاپلىق قىلىنسا ، سەل قارالسا كەسكىن بولمىغانلىق ، ھەتتا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ . ھۆكۈمەت ، ئىككى مەھكىمىنىڭ دائىمىي كومىتېتقا قويغان كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىلەش تەكلىپى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ ، سۇنغان تەكلىپنى قايتۇرۇۋالغان ياكى نامزات ئۆز ئىختىيارلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاز كەچكەنلىرىدىن باشقىلىرىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك . ھەر قانداق ئادەم ياكى ئورگاننىڭ ئۆزگەرتىشىگە بولمايدۇ . تەكلىپ سۇنغۇچى ئورگان ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ نامزاتىنى سۇنۇشى بىلەنلا دائىمىي كومىتېتنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش دائىمىي كومىتېتنىڭ كادىرلارنى نازارەت قىلىشىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ . ھۆكۈمەت ، ئىككى مەھكىمە خ ق دائىمىي كومىتېتىغا نامزات سۇنغاندىن كېيىن ، بەزى يەرلىك پارتكوملار خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىغا كۆرسىتىلگەن نامزاتلارنى ئۇقتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پىكىر ئالىدۇ ، بۇ خىل ئۇسۇلغا قىل سىغمايدۇ . لېكىن بۇنى دائىمىي كومىتېتنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھالقىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ . خەلق قۇرۇلتىيى پارتگۇرۇپپىسى پارتىيىنىڭ ئىچكى تەشكىلىي ئاپپاراتى بولۇپ ، پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى پارتگۇرۇپپىسىغا ئەھۋال ئۇقتۇرۇشى ، ئۇلاردىن پىكىر ئېلىشى پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتكەنلىكى ، بۇ پارتىيە ئىچىدىكى ئالاقىدار تۈزۈم بولۇپ ، پارتىيە ئىچىدىكى پائالىيەت دائىرىسىگە كىرىدۇ . ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھى-

يىتنى تەكشۈرۈش خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى
پارتگورۇپپىسىنىڭ فۇنكسىيىسى بولماستىن ، خ ق دائىمىي
كومىتېتىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى ھېسابلىنىدۇ . خ ق دا-
ئىمىي كومىتېتى پارتكوم ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان نامزاتنى
سىناپ تەكشۈرۈپ بولدى دەپ قاراپ ، ۋەزىپىگە تەيىنـ
لەنمەكچى بولغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھالقىـ
سىغا سەل قارىسا بولمايدۇ . پارتكومنىڭ سىناپ تەكشۈ-
رۈشى ھۆكۈمەت ، ئىككى مەھكىمىنىڭ نامزات سۇنۇشـ
تىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلىدۇ ، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانـ
لارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش نامزات كۆرسىتىشتىن
كېيىن ، ئاۋازغا قويۇشتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلىدۇ ، ئىكـ
كىسىنىڭ ۋاقتى ، ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى ئوخشىمايـ
دۇ ، ئىككىسىنىڭ سۇبيېكتى ، قانۇنىي ئورنىمۇ ئوخشىـ
مايدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن پارتكومنىڭ سىناپ تەكشۈرۈشىنى
ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش
ھالقىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋېلىشقا بولمايدۇ .

**3 . ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى
تەكشۈرۈش پارتىيىنىڭ كادىر باشقۇرۇش پرىنسىپىنىڭ
تولۇقلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى .** ۋەزىپىگە تەيىنلىنىـ
دىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش بىلەن پارتىيىنىڭ
كادىر باشقۇرۇش فاكچېنى بىردەكلىككە ئىگە ، ئۇنىڭ
ئىپادىسى مۇنداق: بىرىنچى ، ئىككىسىنىڭ مەقسىتى ،
ئۆلچىمى بىر ، ھەممىسى ھەم ئەخلاقلىق ، ھەم قابىلىيەتـ
لىك بولۇش ، ئەخلاق ـ پەزىلەتكە قاراپ ئىشقا قويۇش
پرىنسىپى بويىچە ، كادىرلارنىڭ تۆتتە زامانىۋىلاشقان
بولۇشىنى ئۆلچەم قىلىپ ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ
تۇرالايدىغان ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت
قىلىدىغان ، كەسپىي ساپاسى ياخشى ، مول ئەمەلىي تەجـ
رىبىگە ۋە بىر قەدەر كۈچلۈك رەھبەرلىك ئىقتىدارىغا ئىگە
يولداشلاردىن مۇھىم خىزمەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغانلىرىـ
نى ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولـ
غانلارنى تاللاش ئۈچۈندۇر . ئىككىنچى ، ۋەزىپىگە تەـ
يىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش پارتكومنىڭ
رەھبەرلىكىدە ۋە قوللىشى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ، ۋە-
زىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشنىڭ
سۇبيېكتى كۆپ سانلىق پارتىيە ئەزالىرىدىن تەشكىل تاپـ
قان خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ، سالاھىيەتنى
تەكشۈرۈشنىڭ ئوبيېكتى يەنىلا پارتكوم كۆرسەتكەن نامـ
زات . خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە
تەيىنلىمەكچى بولغانلارنى ئەخلاقى ، قابىلىيىتى ، تىرىشـ
چانلىقى ، تۆھپىسى قاتارلىق جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ، ۋە-
زىپىگە تەيىنلىنىش شەرتىگە ئۇيغۇن بولغان ـ بولمىغانلىـ
قىنى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ پايدىلىنىشى
ئۈچۈن سۇنىدۇ . ئادەتتە ئېنىق خۇلاسە چىقارمايدۇ ،
تەكشۈرۈش جەريانىدا گۇمانلىق مەسىلىلەر بايقالسا ، ۋە-
زىپىگە تەيىنلىنىش شەرتىگە ئۇيغۇن بولمىسا ، تەڭ دە-
رىجىلىك پارتكومغا ئىنكاس قىلىدۇ ، پارتكوم تەكشۈر-
گەندىن كېيىن قايتا بىر تەرەپ قىلىدۇ ، ئۆزى بىۋاستە
بىر تەرەپ قىلمايدۇ . شۇڭا ، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانـ
لارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرگەندە كۆرسىتىلگەن نامزاتتا
ئۆزگىرىش بولمايدۇ . ئۈچىنچى ، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىـ
غانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش پارتىيىنىڭ كادىرلارنى
تاللاپ ئۆستۈرۈشتە ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش زۆرۈر
دېگەن روھىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك . ئورگان خىز-
مەتچىلىرى خەلقنىڭ چاكىرى ، چاكارنىڭ ئەخلاقى ، قابىـ
لىيتى ، تىرىشچانلىقى ، تۆھپىسىنىڭ قانداق بولۇشى جە-
ھەتتە ، خوجايىن پىكىر قىلىشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق بولۇشى
كېرەك . خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ۋە خەلق
قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاممىا بىلەن بىۋاستە ئالاقە باغلايـ
دىغان كۆۋرۈك . شۇڭا ئۇلار تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىـ
گىلەش ، كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىدىن
توپلىغان پىكىرلەرنى « ئاممىا ئېتىراپ قىلغان » قىلىپ
گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ۋەزىپىگە تەيىنلىـ
نىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش پارتىيىنىڭ كادىر
باشقۇرۇشنى ئىنكار قىلغانلىق بولماستىن قانۇنىي تەرتىپ
جەھەتتە ، پارتىيىنىڭ ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە ئارتۇق
بىر ئۆتكەلنى تۇتۇپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت .


**4 . ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى**

تەكشۈرۈش ئەمەلىيىتىدە جايلار ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ
باردى ، ئۇنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ، قېلىپلاش-
تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ . بەزى يەرلىك خ ق دائىـــمىي
كومىتېتلىرى نامزات كۆرسىتىلىشتىن بۇرۇن ۋەزىپىگە تە-
يىنلىنىدىغانلاردىن قانۇن ئىمتىھانى ئېلىشنى تەشكىللەپ ،
نەتىجىسى تەلەپكە لايىق بولمىغانلىرىنى نامزاتلىققا كۆر-
سىتىشنى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈشنى بەلگىلىگەن؛ بەزىلىرى
دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا قاراپ چىققان ۋاقىتتا ، ۋەزىپىگە
تەيىنلەنمەكچى بولغانلارنىڭ يىغىندا ۋەزىپىسى توغرىسىدا
سۆز قىلىشىنى ھەمدە كومىتېت ئەزالىرىنىڭ سورۇشتۇرمى-
سىنى قوبۇل قىلىشىنى تەلەپ قىلغان ، بۇ قىسقىچە تارىخ
جەدۋىلىنى تەكشۈرۈپ بېقىش ، سىناپ تەكشۈرۈش ماتې-
رىيالىنى كۆرۈش بىلەن سېلىشتۇرغاندا روشەن ئىلگىرى-
لەش ھېسابلىنىدۇ . بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس ، قانۇن
بىلىملىرىدىن ئىمتىھان ئېلىش ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان-
لارنىڭ قانۇن سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈشتىكى ئۈتكەل بولۇپ ،
پەقەت ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەك-
شۈرۈش مەزمۇنىنىڭ بىرى ، لېكىن بۇ ۋەزىپىگە تەيىن-
لەنمەكچى بولغانلارنىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىك ئىقتىدارى ،
كەسپىي ساپاسى ، پاكلىق ئەھۋالى ، ئامما ئېتىراپ قىلغان
بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن شەرتكە ئۇيغۇن بولۇش ـ
بولماسلىقىغا چېتىلمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ۋەزىپىگە تە-
يىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ مۇ-
كەممەللەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك . ھازىر ،
ئالاقىدار قانۇن ، نىزاملار ، تۈزۈملەرمۇ پەيدىنپەي مۇ-
كەممەللىشىۋاتىدۇ . مەسىلەن ، سودىيەلەر قانۇنى ، پروك-
راتورلار قانۇنىدا سودىيە ، پروكراتورلارنىڭ ۋەزىپە ئۆ-
تەش شەرتى بەلگىلەنگەن ھەمدە يېڭىدىن تەيىنلىنىدىغان
سودىيە ، پروكراتورلارنىڭ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى
بىلەن ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۇيۇشتۇرغان قا-
نۇن ئىمتىھانىدىن ئۆتۈش كېرەكلىكى ، نەتىجىسى لايا-
قەتسىز بولسا ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتى ھازىرلىيالماي-
دىغانلىقى بەلگىلەندى . يەنە مەسىلەن ، ج ك پ مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى رەھبىرىي
كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى نـــىزامى ،
ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلاردا ئىسلاھاتقا بىرلەش-
تۈرۈش ۋە مەمۇرلار تۈزۈمىنى يولغا قويۇش قاتارلىقلار-
دىمۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەش شەرتىگە نىسبەتەن ئېنىق ، بىر
تۇتاش تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان . بۇ ۋەزىپىگە تەيىن-
لىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قا-
نۇنىي ئاساس ۋە شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن .

قىسقىسى ، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھ-
يىتىنى تەكشۈرۈش كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تەرتى-
پىدىكى مۇھىم ھالقا ، شۇنداقلا دائىمىي كومىتېتنىڭ ۋە-
زىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنى تولۇق ، توغرا ، مەسئۇلىيەت-
چانلىق بىلەن ئاۋازغا قويۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ، شە-
كىلگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقنىڭ مۇھىم كاپالىتى . ۋە-
زىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تـەكـشـۈرۈش
خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەرگە بولغان
نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىگىسى ، قانۇن
ئىگىسى ، نازارەتچىلىك ئىگىسى ئۆستۈرۈشتـە كـادىـرلارنى
باشقۇرۇشنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ، ئاشكارىلاشتۇرۇش ،
قانۇنلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھ-
مىيەتكە ئىگە .

**( « خەلق ۋە ھاكىمىيەت » ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ
يىل 12 ـ سانىدىن تاھىر مامۇت تەرجىمىسى)**

مەسئۇل مۇھەررىر : نۇرگۈل كېرەم



17

2001

# نازارەتچىلىك قىلىشتا ئەمەلىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش كېرەك

شۆجيەنجۈن ، لى شى

نازارەتچىلىك قىلىش — ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا بېرىلگەن بىر مۇھىم خىزمەت هوقۇقى . خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتا ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش هەم دۆلەتنى ئەخلاق بىلەن باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇهىم رېئال ئەهمىيەتكە ئىگە . نۆۋەتتىكى ئىسلاهات ، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش ۋەزىيەتنىڭ ئېهتىياجى . ئۇ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ « ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇهىم ئىدىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇهىم رول ئوينايدۇ .

نۆۋەتتىكى خىزمەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك رولىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەهۋاللار نۇرغۇن جايلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلىنىۋاتىدۇ .

بىرىنچى ، نازارەتچىلىكنىڭ سالمىقى كۈچلۈك بولمىغانلىقتىن ، نازارەتچىلىكنىڭ ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر يېتىۋاتىدۇ . مەسىلەن : دوكلات ئاڭلاش ، تەكشۈرۈش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈشتىن ئىبارەت كۈندىلىك نازارەتچىلىك خىزمەتلىرىدە كونا خىزمەتداش ، كونا تونۇشلارنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى دەپ ، ئەمەلىي ئەهۋال تولۇق ئىنكاس قىلىنمىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇقلۇق بۇنىڭغا ئېنىق بىر نىمە دېمەي ، نازارەتچىلىك رەسمىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇلۇۋاتىدۇ؛ شۇ تارماقنى قوغداش ئىدىيىسىدە بولۇپ ، ئالاقىدار تارماق ياكى ئورۇنلاردىن خىزمىتى ئالدىراشكەن ، خىزمەت مىقدارىمۇ كۆپكەن ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپتۇ ، ئەمدى يەنە پىكىر بەرسەك توققۇزۇڭنى تەل قىل دېگەندەك بولۇپ قالىدىكەن ، دېيىلىۋاتىدۇ؛ تەنقىد پىكىرلەر بېرىلگەن تەقدىردىمۇ ، ئالاقىدار تارماقلار ياخشى تۈزەتمەيۋاتىدۇ ياكى چوڭقۇر مۇهاكىمە يۈرگۈزمەيۋاتىدۇ ، ۋاهاكازا .

ئىككىنچى ، نازارەتچىلىك قىلىنمىغان جايلار يەنىلا مەۋجۇت . مەسىلەن : ئايرىم ئورۇنلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ باهالىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلماي ، تۈرلۈك باهانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتىدۇ ياكى نازارەت قىلىش پىكىرلىرىگە نىسبەتەن قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىۋاتىدۇ . بەزىلىرى هەتتا نازارەتچىلىككە ئىنتايىن پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ ، نازارەتچىلىكنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايۋاتىدۇ .

ئۈچىنچى ، نازارەتچىلىك شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ . هازىرقى نازارەتچىلىك شەكلى ياكى تەرتىپى يەنىلا يۈزەكى هالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ ، بۇنى خىزمەت ئەمەلىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق ، بەكلا ئارقىدا قالغان بولغاچقا ، نازارەتچىلىك سۈبيېكتى بىلەن نازارەت قىلىنغۇچى ئوبيېكت ئەمەلىيەت جەريانىدا بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن نورمال ماسلىشىشچانلىق كەم بولۇپ ، نازارەتچىلىكنىڭ ئىمتىيازى هەم ئىشەنچلىكلىكنى مەلۇم دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى . دېمەك ، يۇقىرىقىدەك ئەهۋاللاردا نازارەتچىلىك تېگىشلىك

ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويىدى ، شۇنداقلا تارماقلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشىلىشىغىمۇ پايدىسىز بولىدى .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەدىكىلەر بۇ مەسىلىلەرنى پەيدىنپەي تونۇپ يەتتى ھەم قاراتمىلىقى بولغان ھالدا بەزى بىر ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى . مەسىلەن : نازارەتچىلىك يوللىرىنى كېڭەيتىپ ، خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىكىدە يېڭى شەكىل ، يېڭى يوللار ئۈستىدە ئىزدەندى؛ نازارەتچىلىك ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ نازارەتچىلىك تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتقاچقا ، نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈممۇ پەيدىنپەي كۆرۈلۈشكە باشلىدى . نۇرغۇن جايلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە خىزمىتىنى باھالاش ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلارنىڭ خىزمەت مەلۇماتىنى ئاڭلاش ، ئايرىم دېلولارنى نازارەت قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ ، خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىكىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى زور دەرىجىدە بېيىتىپ ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى . مېنىڭچە ، نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، زۆرۈر بولغان نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى چىقارغان قارار ، بېكىتمە شۇنداقلا قاراپ چىقىش پىكىرلىرىنى ئاكتىپ ئىجرا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەنقىد ، پىكىر ۋە تەۋسىيەلەرنى ئەستايىدىل بېجىرىپ ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ . خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، خىزمەت ئومۇمىيلىقىنى چۆرىدىگەن ھالدا ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ماسلىشىپ ، دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نازارەتچىلىكىنى پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك ، مەمۇرىي نازارەتچىلىك ، ئەدلىيە نازارەتچىلىكى ، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى ۋە ئىجتىمائىي نازارەتچىلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، كەڭ دائىرىلىك ، بىرلىككە كەلگەن ، ئورگانىك نازارەتچىلىك گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرۈپ ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋە ئەخلاق بىلەن باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئومۇمىي پىلاننىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك .

(« قانۇنچىلىق گېزىتى » نىڭ 2001 ـ يىل 14 ـ ئىيۇن سانىدىن ئابدۇۋەلى مامۇت تەرجىمىسى )

مەسئۇل مۇھەررىر : نۇرگۈل كېرەم

## كىرئالغۇدا يۇيۇشقا بولمايدىغان كىيملەر

*1 . بېنزىن يۇقى كىيملەر* : بېنزىننىڭ پارغا ئايلىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ ، بېنزىن يۇقى كىيملەرنى كىرئالغۇدا يۇغاندا ، پاكىزە يۇغىلى بولمايلا قالماي ، سۈركىلىشتىن پارتلاش ۋە زەخىملىنىش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ .

*2 . مامۇق كىيملەر* : مامۇق كىيملەرنى كىرئالغۇدا يۇغاندا ، مامۇقلار ئاسان تىتىلىپ ، يۆگىشىپ ، غۇژمەكلىشىپ ، مامۇق كىيملەرنىڭ ئىسسىقلىق ساقلاش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىپلا قالماي ، ئۇنىڭ سىلىق بولۇشىغا، كۆپۈپ تۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ .

*3 . لىپتىك* : لىپتىكنى كىرئالغۇدا باشقا كىيملەرگە ئارىلاشتۇرۇپ يۇغاندا ، خىلمۇخىل تالا ، قوي يۇڭى قاتارلىق غەيرىي ماددىلار يېپىشىۋېلىپ ، ئۇنى تاقىغاندا ئەمچەك توپىچىسى بىلەن سۈركىلىپ ، سۈت يوللىرى توسۇلۇپ قالىدۇ ، نەتىجىدە ، ئاياللار بوشانغاندىن كېيىنكى سۈت راۋان چىقماسلىق ياكى سۈت كەملىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

قۇم ئارىلىشىپ قالغان كىيملەرنى كىر ئالغۇدا يۇغاندا ، كىرئالغۇ ئۈسكۈنىلىرىنى بۇزۇپ ، كىرئالغۇنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىۋېتىدۇ .

تاھىر مامۇت تەرجىمىسى

# خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

ئوسمانجان تۇرسۇن

يولداش جياڭ زېمىن قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ: «رەھبىرىي كادىرلار سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

ئەڭ ئاۋۋال خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خاراكتېرىگە قارايدىغان بولساق، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدا دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھاكىمىيەت تەشكىلى. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ سىياسىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئۇ يەنە سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە ئۇ سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنى ۋە رولىدىن قارىغاندا، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھوقۇقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى يۈرگۈزگەن تۈرلۈك ھوقۇق ۋە پائالىيەتلەر خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىسى سىياسىي ھەرىكەت. پەقەت سىياسىيغا ئەھمىيەت بەرگەندىلا توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلىنىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئۇ شۇ رايوندىكى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۈپ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىشلارغا چېتىلىدۇ، مۇشۇنداق چوڭ ئىشلارنى قاراپ چىقىش، قارار قىلىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن جەزمەن خىزمەتلەر داۋامىدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

1. پارتىيە رەھبەرلىكى ئېڭىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلقنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمى، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى پىكىر يولى جەھەتتە پارتكوم بىلەن ئىزچىل بىردەك بولۇشى، خىزمەت جەھەتتە پارتكومنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدىشى، ھەرىكەت جەھەتتە خەلق قۇرۇلتىيى ئارقىلىق پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى خەلقنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم.

2. مەركەز ئېڭىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ

تۇرۇش كېرەك .

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزى ، شۇنداقلا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭمۇ مەركىزى . خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت . بۇ بىزدىن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە « بىر مەركەز ئىككى ئاساسىي نۇقتا » نى پۇختا ئىگىلەپ ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ، چوڭ ئىشلارنى ، چوڭ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشنى ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئالاقىدار زور ئىشلارنى تۇتۇپ ، قارار چىقىرىپ تەدبىر بەلگىلەش جەھەتتىكى ئاكتىپ رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ ، نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى دادىل يۈرگۈزۈپ ، ئىقتىسادنىڭ ئۇدا ، تېز ، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ .

3 . ئومۇمىي ۋەزىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇش كېرەك .

يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ، چوقۇم ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆرۈشىمىز ، فۇنكسىيىلىك رولىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم ، شۇنداقلا باشقا بەنزە ۋە ئاپپاراتلار بىلەن ئىتتىپاقلىقنى ، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چۆرىدەپ ، كۆپرەك ئىشلەپ ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم .

4 . قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ بىردەكلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك .

پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى تۈزگەن ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا ئىزچىللىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر . ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەركىزىي ۋەزىپە دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش . شۇنىڭ ئۈچۈن ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىشى ، قانۇننى بىلىشى ، قانۇننى ئىشلىتىشى ، ئاڭلىقلىقنى ئۆستۈرۈشى ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلىنىپ ، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئىش كۆرۈشى ، پىلانلىق ، تەرتىپلىك ھالدا دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم .

5 . دېموكراتىيە ئېڭىنى كۈچەيتىپ ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت باش مەقسەتتە قەتئىي چىڭ تۇرۇش كېرەك .

خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى خەلق ئۈچۈن سۆزلىشى ، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشى ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ، خەلقنى قەلبىگە پۈكۈپ ، ھەر ۋاقىت پارتىيىنىڭ ئومۇمىي چاقىرىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ، خەلق قۇرۇلتىيىنى ھەقىقىي تۈردە خەلققە ۋەكىللىك قىلىپ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگانغا ئايلاندۇرۇشى لازىم .

( ئاپتور ئاقسۇ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن )

مەسئۇل مۇھەررىر : تاھىر ماموت

# دۆلىتىمىز ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى

ئالىم قادىر





ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى بارلىق ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى كەسپىنى بېجىرىشنىڭ باش ئاساسى بولۇپ، تۇرلۇك ھەق - تەلەپ قانۇن مۇناسىۋىتىنى توغرا مۇئەييەنلەشتۈرۈش، تالاش - تارتىشنى ئازايتىش، ماجىرانىڭ ئالدىنى ئېلىش، دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. راست بولۇش پرىنسىپى

دۆلىتىمىزنىڭ «ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزام»نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ھۆكۈمەت گۇۋاھچىلىرى ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ۋە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى، ئىلتىماس قىلغۇچى ئوتتۇرىغا قويغان پاكىت، ھۆججەت ۋە ئالاقىدار ماتېرىياللارنىڭ راست، يالغانلىقىنى، قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈشى لازىم. بۇ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى بېجىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى، پۈتكۈل ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى كەسپىنىڭ چىقىش نۇقتىسى شۇنداقلا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتىدە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك تۈپ پرىنسىپ، بۇ پرىنسىپنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ كونكرېت تەلىپى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ھەقىقىي ئىرادىسى بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش لازىم. ئەگەر ئالداش، مەجبۇرلاش، ئازدۇرۇش قاتارلىق قانۇنسىز ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئىلتىماس قىلغۇچىنى ئىپادە بىلدۈرۈشكە زورلىغان ئەھۋال بايقالسا، ئۇنى قانۇنسىز ۋە ئىناۋەتسىز قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورگىنىغا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بىلەن ئىسپاتلىنىدىغان پاكىت، ئاساس ۋە سەۋەب ھەمدە ئىسپاتلىنىدىغان كونكرېت تەلەپ ۋە يەتمەكچى بولغان مەقسەتنى ئېنىق بايان قىلىشى، بارلىق پاكىتلارنى ئوبيېكتىپ، توغرا بايان قىلىشى، كېڭەيتىۋەتمەسلىكى ھەم ئايرىۋەتمەسلىكى لازىم. ئۈچىنچى، ھۆكۈمەت گۇۋاھچىلىرى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى بېجىرگەندە، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى كېرەك. تۆتىنچى، ھۆكۈمەت گۇۋاھچىلىرى دەلىل - ئىسپاتلارنى ئوبيېكتىپ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا توپلىشى كېرەك. مەلۇم قانۇنىي ھەرىكەتنى، قانۇنى ئەھمىيەتكە ئىگە ھۆججەتنى ۋە پاكىتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت گۇۋاھچىسى ماتېرىيالىستىك ئىنكاس نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاپ، ئىساپاتلىنىدىغان تۈرلۈك دەلىل - ئىسپاتلار ئۈستىدە ئىزدىنىشى لازىم.

«كونا تەجرىبىلەر»، «كونا رامكىلارغا» تايىنىپ «قىياس قىلىش»، «مۆلچەرلەش»نى جاپالىق ئىنچىكىلىك بىلەن دەلىل - ئىسپات توپلاش خىزمىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

2. قانۇنلۇق بولۇش پرىنسىپى

ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورگانلىرى ۋە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ بارلىق پائالىيىتى

قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك . بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىش پائالىيىتى قانۇننى ئىجرا قىلىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورگانلىرى قانۇنلۇق بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك .

بىرىنچى ، ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇقى ۋە ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش ؛ ئىككىنچى ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىش ئىلتىماس قىلىنغان ئىشلارنىڭ قانۇنلۇق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش ؛ ئۈچىنچى ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىش ئىلتىماس قىلىنغان ئىشلارنىڭ مۇۋاپىق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش ؛ تۆتىنچى ، بېجىرىلگەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنىڭ تەرتىپى قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇش لازىم .

قىسقىسى ، قانۇنلۇق بولۇش پرىنسىپى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم پرىنسىپ ، شۇنداقلا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى تەكشۈرۈشتىكى مۇھىم ئۆلچەم .

**3 . ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى جەزمەن بېجىرىش بىلەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىشتە ئىختىيارىي بولۇشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى**

چوقۇم بېجىرىلىدىغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى دېگەندە—قانۇن ، قائىدىلەردە بەزى مۇھىم بولغان قانۇني ئىشلاردا ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا ئاساسلىنىشى ، ئىلتىماس قىلغۇچىلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس سۇنغان بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ چوقۇم ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى بولماستىن ، بەلكى ئۇلارنىڭ بىر تۈرلۈك ھوقۇقىدۇ . ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش ـ قىلماسلىقنى ئىلتىماس قىلغۇچى ئۆزى قارار قىلىدۇ .

ئىختىيار بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك ، ھەرگىزمۇ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورگانلىرى دۆلەت گۇۋاھلىقى كەسپىنى قانات يايدۇرۇشتا پاسسىپ ھالەتتە بولۇش دېگەنلىك ئەمەس . بۇنىڭدا تەرەققىياتقا قاراپ يېتەكچىلىك قىلىپ ، تۈرلۈك ئۇسۇل ۋە شەكىللەردىن پايدىلىنىپ ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولىنى كەڭ ، چوڭقۇر ، پائال تەشۋىق قىلىپ ، خەلق ئاممىسىغا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇتۇپ ، ئۇلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ ، دۆلەت ، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇني ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ھەقىقى قوغداش كېرەك .

**4 . چەتنەپ تۇرۇش پرىنسىپى**

چەتنەپ تۇرۇش پرىنسىپى دېگىنىمىز ، مەلۇم بىر ياكى بىر قانچە ھۆكۈمەت گۇۋاھچىسىنىڭ ئۆزى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ياكى باشقا مۇناسىۋەت بولغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

« ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزام »دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا ، چەتنەپ تۇرۇش ئۆزلىكىدىن چەتنەپ تۇرۇش ۋە چەتنەپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش دەپ ئىككى خىل شەكىلگە ئايرىلىدۇ . ئۆزلۈكىدىن چەتنەپ تۇرۇش دېگىنىمىز— ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىنى بېجىرگەن ھۆكۈمەت گۇۋاھچىسى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە چەتنەپ تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ، شۇ تۈردىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق ئىشلىرىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن چەتنەپ تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ .

چەتنەپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش دېگىنىمىز— ئىلتىماس قىلغۇچى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ، مەلۇم بىر ياكى بىر قانچە ھۆكۈمەت گۇۋاھچىسىنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىنى بېجىرىشكە قاتناشماسلىقىنى ئىلتىماس قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . چەتنەپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ مۇھىم ھوقۇقى بولۇپ ، ئۇ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىنىڭ يۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈلىدۇ . ھۆكۈمەت گۇ-

2001

ۋاھلىقى ئىشلىرى باشلانغان ياكى داۋاملىشۋاتقان چاغدا چەتنەپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ . ئىلتىماس قىلغۇچى يازما شەكىل ئارقىلىق ئىلتىماس قىلسىمۇ ياكى ئاغزاكى ئىلتىماس قىلسىمۇ بولىدۇ ، لېكىن قايسى خىل شەكىل ئارقىلىق ئىلتىماس قىلىشتىن قەتئىينەزەر پاكىتنى ئاساس قىلىشى ، سەۋەبنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى كېرەك . ھۆكۈمەت گۇۋاھچىسى چەتنەپ تۇرۇش ـ تۇرماسلىق مەسىلىسىنى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنىنىڭ مۇدىرى قارار قىلىدۇ . ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنىنىڭ مۇدىرىنىڭ چەتنەپ تۇرۇش ـ تۇرماسلىق مەسىلىسىنى تەڭ دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگىنى قارار قىلىدۇ .

**5 . مەخپىيەتلىكنى ساقلاش پرىنسىپى**

ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتىدە ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . دۆلىتىمىزنىڭ « ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزامى »نىڭ 23 ـ ماددىسىدا : « ھۆكۈمەت گۇۋاھچىلىرى ئۆزى تۇرۇشلۇق ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى بېجىرگەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلىشى كېرەك » دەپ بەلگىلەنگەن . « ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىنى بېجىرىش تەرتىپى توغرىسىدىكى تەپسىلىي پرىنسىپ »تا :« ھۆكۈمەت گۇۋاھچىلىرى ئۆزى بېجىرگەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلىشى كېرەك »دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن . شۇڭا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ھۆكۈمەت خادىملىرى قەتئىي ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر پرىنسىپ .

مەخپىيەتلىكنى ساقلاش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇنداش كېرەك : 1)ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورگانلىرى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىنى بېجىرىشكە قاتنىشىدىغان خادىملارنى قاتتىق كونترول قىلىشى كېرەك . نەق مەيداندا ھازىر بولۇشقا تېگىشلىك ئىلتىماس قىلغۇچى ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىشكە ياردەملىشىدىغان ۋاكالەتچى ، تەرجىمانلاردىن باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىش ئىشلىرىغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ ، 2) ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمىنىڭ ئۆزى بېجىرگەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش مەسئۇلىيىتى بولغاندىن سىرت ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى ۋە باشقا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورۇنلىرى بېجىرگەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكنىمۇ ساقلاش مەسئۇلىيىتى بولىدۇ؛ 3) ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرى بېجىرىلىپ بولغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلىغاندىن سىرت ، يەنە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىغا ئالاقىدار بولغان ئىشلار ، ھەتتا ئىلتىماس قىلغۇچى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىشنى رەت قىلغان ياكى ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان مەزمۇنىنىڭ مەخپىيەتلىكنىمۇ ساقلىشى كېرەك؛ 4) ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرى ئىلتىماس قىلغۇچى بىۋاسىتە ئىلتىماس قىلغان « قانۇنىي ھەرىكەت ، قانۇنىي ئەھمىيەتكە ئىگە پاكىت ۋە ھۆججەت »نىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلىغاندىن باشقا ، ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش مەقسىتى ، مۇددىئاسى ، ئاقىۋىتى ، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ مەخپىيەتلىكنىمۇ ساقلاش كېرەك؛ 5) ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورگانلىرى تەييارلىغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقنامىسىنى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ باشقا كىشىگە بېرىشكە بولمايدۇ؛ 6) ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىغا ئائىت ئارخىپ ماتېرىياللارنى مەخسۇس ئادەم باشقۇرۇشى لازىم . قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەستىقلاتماي تۇرۇپ كۆرۈشكە ۋە كۆپەيتىپ بېسىشقا بولمايدۇ .

**6 . ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش پرىنسىپى**

ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش پرىنسىپى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتىدە خەلق ئاممىسى ۋە ئىلتىماس قىلغۇچىلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى چىقىش نۇقتا قىلىپ ، ئەمەلىيەتكە ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىنى توغرا ، ئەستايىدىل ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بېجىرىش كېرەكلىكنى كۆرسىتىدۇ .

دۆلىتىمىزنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتىدىكى

ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش پرىنسىپى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ : 1) ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقنامىسى بېجىرىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش؛ 2) ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايىغا بېرىپ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىش؛ 3) ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىنى تېز بېجىرىپ ، ۋاقىتنى قولدىن بەرمەسلىك؛ 4) ھەمكارلىشىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئاممىنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىنى بېجىرىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش .

**7 . ئۆز دۆلىتى ۋە مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش پرىنسىپى**

دۆلىتىمىزنىڭ « ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزامى »نىڭ 2 ـ ماددىسىدا : « ھۆكۈمەت گۇۋاھچىلىرى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ھۆججەتلىرىنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن ياكى تەستىقلىغان شەكىل بويىچە تەييارلىشى كېرەك »دەپ بەلگىلەنگەن . ئەدلىيە مىنىستىرلىكى « ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزام »غا ئاساسەن ، « ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقنامىسى خەنزۇچە تىل ـ يېزىق بىلەن تەييارلىنىشى كېرەك . ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ياكى كۆپ مىللەت ئورتاق ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ، چەتكە چېتىشلىق ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىدىن باشقا ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ھۆججەتلىرى شۇ جايدا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان مىللىي تىل ـ يېزىق بىلەن تەييارلانسا بولىدۇ » دەپ بەلگىلىمە چىقارغان .

(ئاپتور شىنجاڭ ئادىل ـ پاك ئادۋوكاتلار ئورنىدىن)


مەسئۇل مۇھەررىر : سەمەت دۇگايلى

## سايادىكى مىكروبلارغا سەل قارىماڭ

خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئىشلىتىلگەن سايانىڭ يۈزىدە كۆپ مىقداردا مىكروپ ، ۋىرۇسلار بولىدۇ . رەخت سايادىكى بولغىنىش خۇرۇم سايادىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر ، تايىنىدىغان جايدىكى بۇلغىنىش يۆلىنىدىغان جايدىكى بۇلغىنىشتىن ئېغىر بولۇپ ، كېسەللىك تارقىتىدىغان مۇھىم ۋاستىنىڭ بىرى . شۇڭا بىز دائىم سايانى دېزىنفېكسىيە قىلىشىمىز لازىم .

خۇرۇم سايانى ئىشلەتكەندە ، رەختنى ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش سۇيۇقلۇقى ياكى ئىسپىرتقا چىلاپ سۈرتۈپ ، ئاندىن ھاۋا ئۆتۈشىدىغان جايغا قويۇپ قۇرۇتۇش كېرەك . رەخت سايانى ئىشلەتكەندە ، ئالدى بىلەن ئاپتاپقا قاقلاش كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، چاڭ ـ توزاڭنى چوتكىلىۋېتىپ ، ئاندىن دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈپ دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك . ئىسپىرت پۈركىگەندە سايانى سالقىن جايغا قويۇپ رەختنىڭ يۈزىدە نەملىك تۈگىگۈسى بولغانغا قەدەر پۈركۈش كېرەك . بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ئاپتاپقا قويۇپ ، ئۇلترا بىنەپشە نۇر ئۆتكۈزۈپ ، قۇرۇغاندىن كېيىن قايتا ئىشلەتسە بولىدۇ .

تاھىر مامۇت تەرجىمىسى



# قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى توغرىسىدا

ئەخمەت زايىت

ھەممىگە مەلۇم ، قانۇن بىلەن ئەخلاق جەمئىيەتتە كەم بولسا بولمايدىغان ھەرىكەت قائىدىسى ھېسابلىنىدۇ . ماركسىزمچىلارنىڭ قارىشىچە ، قانۇن دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغان ياكى ئېتىراپ قىلىنىدىغان ھەمدە دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچى تەرىپىدىن كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى . ئۇ مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىس ئۈستىگە قۇرۇلغان ئۈستقۇرۇلما بولۇپ ، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئىتىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرىدۇ . ئۇنىڭ مەقسىتى ھۆكۈمران سىنىپلارغا پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى ئورنىتىش ، قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ، شۇ ئارقىلىق ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت .

ئەخلاق — ماددىي تۇرمۇش شارائىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ،ھەققانىيەت بىلەن ھەققانىيەتسىزلىك ، ئادىللىق بىلەن ئادالەتسىزلىك ، شەخسىيەتچىلىك بىلەن ئومۇمىيلىق ، سەممىيلىك بىلەن ساختىپەزلىك ، شان ـ شەرەپ بىلەن ئار ـ نومۇس قاتارلىقلار توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر شۇنىڭدەك مۇشۇ چۈشەنچىلەر بىلەن ماسلىشىدىغان جامائەت پىكرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ ، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي قائىدە شۇنداقلا سىنىپىي جەمئىيەتتە روشەن سىنىپىيلىققا ئىگە ھەرىكەت قائىدىسىدۇر . ئەخلاق كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەمدە شەخسلەر بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان ھەرىكەت قائىدىسى بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئۈچۈن ئۆلچەم ۋە نىشان كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەخلاقى بولىدۇ ھەم بىر قانچە خىل ئەخلاق كۆز قارىشى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، لېكىن يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئەخلاقىدۇر .

دۆلەتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت . سوتسىيالىستىك جەمئىيەت سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى . سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە دۆلەتنىڭ خوجايىنى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەن خەلق ئاممىسى . سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ ھەرىكەت قائىدىسى خەلق ئاممىسى ئۆزىگە ئۆزى مۇستەقىل خوجا بولغان ھالدا ، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە تۈزۈپ چىققان سوتسىيالىستىك قانۇن ھەم بۇرژۇئازىيە ۋە بارلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارغا قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئىجاد قىلغان ئەڭ ئىلغار ، ئەڭ ئېسىل ، ئەڭ ئىلمىي بولغان كوممۇنىستىك ئەخلاقتۇر .

سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيىلەر قانۇن ، ئەخلاق ۋە باشقا قائىدىلەرگە ئېھتىياجلىق بولغاندەك ، سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىز ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىل

لاشتۇرۇش ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ، تىنچ ، مۇقىم بولغان سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە جەمئىيەت تەرتىپى بەرپا قىلىشتا قانۇن ، ئەخلاق ۋە باشقا قائىدىلەرگە جىددىي مۇھتاج . شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلىتىمىز ئىزچىل تۈردە قانۇن ۋە ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى . بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، قانۇن بىلەن ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ ، سوتسىيالىستىك ئەخلاق ساغلاملاشتۇرۇلدى ، ئەخلاق بىلەن قانۇن كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالدى ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى .

باش شۇجى جياڭ زېمىن پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا : « دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش »نى ئوتتۇرىغا قويدى . باش شۇجى جياڭ زېمىن مەركەزدە ئېچىلغان مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ :« جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا بوشاشماي چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە ، سوتسىيالىستىك ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ، دۆلەتنى ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشتىمۇ بوشاشماي چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم . قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋە دۆلەتنى ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك » دەپ تەكىتلىدى . بۇ مۇھىم پاكىت ۋە ئىدىيە پارتىيىمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئەلنى خاتىرجەم قىلىش ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە شۇنداقلا قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى .

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋە دۆلەتنى ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشتەك تۈپ ئىستراتېگىيىنى يولغا قويۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە مۇھىم كاپالىتى . دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دېگەنلىك خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە تۈرلۈك يول ۋە شەكىللەر ئارقىلىق ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەدرىجىي تۈزۈملەشتۈرۈش دېگەنلىك . ماركسىزم ـ لېنىنىزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يادرو ، كوللېكتىپزىمنى پرىنسىپ ، بەشنى سۆيۈشنى ئاساسىي تەلەپ ، كەسىپ ئەخلاقى ، ئىجتىمائىي ئەخلاق ، ئائىلە ئەخلاقى قۇرۇلۇشنى مەۋقە قىلىپ ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان ، سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى بىلەن يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن سوتسىيالىستىك ئىدىيە ـ ئەخلاق سىستېمىسى بەرپا قىلىپ ، ئۇنى بارلىق خەلق ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان ھەرىكەت قېلىپىغا ئايلاندۇرۇش دېگەنلىك . بۇنىڭدىن بىز قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ دۆلەت ھاياتىدا نەقەدەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى ، قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ ئەزەلدىن بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ، ئىككىسىدىن بىرسى كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە ئۆز ـ ئارا رول ئويناش ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش مۇناسىۋىتى بولىدۇ . بولۇپمۇ سوتسىيالىزم شارائىتىدا بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ ھەم قويۇق بولىدۇ . كونكرېت ئېيتقاندا ، تۆۋەندىكى ئورتاقلىقلاردىن سوتسىيالىزم باسقۇچىدىكى قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ ئىنتايىن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز .

1 . ھەر ئىككىسى سوتسىيالىزمنىڭ ئۇستقۇرۇلمىسى بولۇپ ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە ماددىي ئاساسى ۋە ئىدىيىۋى ئاساسى بىردەك . يەنى ئىككىسى ئومۇمىي مۇ-

27

2001

لۇكچىلىك تۈزۈمىنى ئىقتىسادىي ئاساس ، ماركسىزم - لېنىنزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئىدىيىۋى ئاساس قىلىدۇ .

2 . ھەر ئىككىسى ئىشچىلار سىنىپى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى ئىپادىلەيدۇ . يەنى ئىككىسى سوتسىيالىزمنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . ئىشچىلار سىنىپى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

3 . ھەر ئىككىسىنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت . يەنى ئىشچىلار سىنىپى ۋە خەلق ئاممىسىغا پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى ئورنىتىش ، مۇستەھكەملەش ، تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ، قوغداپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ سوتسىيالىزم قۇرۇش ، ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش ، سىنىپ ۋە سىنىپىي پەرقنى يوقىتىپ ، كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىش.

4 . ھەر ئىككىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى ئوخشاش . ھەر قانداق جەمئىيەتتىكى قانۇن بىلەن شۇ جەمئىيەتتە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن ئەخلاق ، گەرچە ئوخشاش بىر ئىقتىسادىي بازىس ئۈستىگە قۇرۇلغان ئۈستقۇرۇلما ھادىسىسى ، كىشىلەر ھەرىكىتىنى تەڭشەيدىغان ھەرىكەت قائىدىسى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئومۇمىي روھى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش، ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، بەزى ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئوخشاش بىر ئىجتىمائىي ھادىسە ۋە ئوخشاش بىر ئۇقۇم ئەمەس . شۇڭا بۇ ئىككىسىنى ئاددىي ئالدا تەڭلەشتۈرۈپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە پرىنسىپال پەرقلەر بار . كونكرېت ئېيتقاندا بۇلار تۆۋەندىكى جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ :

1 . پەيدا بولغان ئىجتىمائىي شارائىت ئوخشىمايدۇ . قانۇن ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەنى سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ، سىنىپ ۋە دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان . ئەخلاق ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن بىللە پەيدا بولغان .

2 . شەكىللىنىش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ . قانۇن دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلىدۇ ۋە ئېتىراپ قىلىنىدۇ . ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلى . ئەخلاق كىشىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا سىتخىيىلىك ھالدا شەكىللەنگەن .

3 . ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشىمايدۇ . قانۇن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمران سىنىپ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ، ئېنىق مەزمۇنغا ئىگە يازما شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ . ئەخلاق كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ساقلىنىدۇ ، ھەمدە كىشىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ .

4 . تەڭشەيدىغان دائىرىسى ئوخشىمايدۇ . قانۇن بىلەن ئەخلاق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ئوبيېكتى قىلىدۇ ، ئەمما قانۇننىڭ تەڭشەش دائىرىسى نىسبەتەن تار بولۇپ ، پەقەت قانۇن - قائىدىلەرگە خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ . ئەخلاقنىڭ تەڭشەش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ ، نوقۇل ھالدا ئەخلاققا خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن ، بەلكى ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارمۇ ئوخشاشلا ئەخلاققىمۇ خىلاپ ھەرىكەتلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

5 . ئوينايدىغان رولىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئوخشىمايدۇ . قانۇن ئاساسلىقى كىشىلەرنىڭ تاشقى ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئەخلاق ئاساسلىقى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ .

6 . يولغا قويۇلۇش ئۇسۇلى ئوخشاشمايدۇ . قانۇن دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچىنىڭ كاپالىتى ئارقىلىق يولغا قويۇلىدۇ . ئەخلاق ئاساسلىقى ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى ۋە ئىچكى ئىشەنچ قاتارلىق كۈچلەر ئارقىلىق يولغا قويۇلىدۇ .

7 . ئىككىنچىلىك تارىخىي تەقدىرى ئوخشاشمايدۇ .

قانۇن پەقەت سىنىپىي جەمئىيەتكە خاس تارىخىي ھادىسە بولۇپ ، ئۇ سىنىپنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئەگىشىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، سىنىپنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ ، سىنىپىي جەمئىيەتتە روشەن سىنىپلىقا ئىگە . ئەخلاق سىنىپسىز جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن بەلكى سىنىپىي جەمئىيەتتىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . سىنىپىي جەمئىيەتتە سىنىپىيلىككە ئىگە بولىدۇ ، سىنىپنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يوقالمايدۇ . ئەكسىچە شۇ سىنىپسىز جەمئىيەتنىڭ ھەرىكەت قائىدىسى بولۇپ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ .

دېمەك ، قانۇن بىلەن ئەخلاق مەيلى قەدىمكى دەۋردە بولسۇن ياكى بۈگۈنكى جەمئىيەتتە بولسۇن ، پەيدا بولغاندىن تارتىپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ، دۆلەت پائالىيىتىنى ، ھۆكۈمەت ھەرىكىتىنى تەڭشەيدىغان ھۆكۈمران سىنىپقا پايدىلىق ئىجتىمائىي تۈزۈم ، ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . شۇڭا بىز دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋە دۆلەتنى ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ ، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ، ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ ، دۆلىتىمىزنى قۇدرەتلىك ، زامانىۋىلاشقان ، قانۇنچىلىق دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم .

(ئاپتور ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتىدىن )

مەسئۇل مۇھەررىر : تاھىر مامۇت

## دۇنيا بويىچە بەش چوڭ كىيىم-كېچەك بايرىمى

پارىژ خەلقئارا ئاياللار كىيىملەر كۆرگەزمىسى : فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرى « دۇنيا كىيىم ـ كېچەك پايتەختى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ . پارىژ خەلقئارا ئاياللار كىيىملەر كۆرگەزمىسى خەلقئارادىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئاياللار كىيىملەر كۆرگەزمىسى بولۇپ ، يىلدا بىر قېتىم قەرەلسىز ئۆتكۈزۈلىدۇ . پارىژ خەلقئارا ئاياللار كىيىملەر كۆرگەزمىسى دۇنيادا مودا بولۇۋاتقان ئاياللار كىيىملەر ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈنىلىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ .

مىرەن كىيىم كۆرگەزمىسى : ئىتالىيە كىيىملىرى پاسونىنىڭ جىداملىقلىقى ، رەڭگىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن دۇنياغا داڭلىق . دۇنيا بويىچە 3 ـ چوڭ كىيىم مەركىزىنىڭ بىرى بولغان ئىتالىيىنىڭ مىرەن شەھىرىنى پارىژدىن كېيىن يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن دۇنيا بويىچە يەنە بىر كىيىم مەركىزى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ . ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مىرەن شەھىرىدە قەرەللىك ھالدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى كىيىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ .

مىيۇنخېن خەلقئارا كىيىم كۆرگەزمىسى : گېرمانىيىنىڭ مىيۇنخېن خەلقئارا كىيىم كۆرگەزمىسى ھەر يىلنىڭ باھار ۋە كۈز پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ . ھەر نۆۋەتلىك كۆرگەزمىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى يۈز مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپ بولۇپ ، 25 كۆرگەزمە زالى تەسىس قىلىنىدۇ . كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان كىيىملەرنىڭ ھەممىسى شۇ يىلى مودا بولۇۋاتقان كىيىملەر بولىدۇ .

بېلگراد خەلقئارا كىيىم كۆرگەزمىسى : يۇگوسلاۋىيىنىڭ پايتەختى بېلگرادتا ھەر يىلى باھاردا خەلقئارا كىيىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ . كۆرگەزمىدە شۇ يىلقى كىيىمنىڭ مودىسى، كىيىمنىڭ لايىھىسى ۋە راۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يۈنىلىشىدىن بېشارەت بېرىلىدۇ .

شياڭگاڭ كىيىم بايرىمى : شياڭگاڭ خەلقئارا كىيىم ساھەسىدىكىلەر ئېتىراپ قىلغان دۇنيا كىيىم مەركىزىنىڭ بىرى بولۇپ ، دۇنياغا مەشھۇر كىيىم كۆرگىكى ھېسابلىنىدۇ . « شياڭگاڭ كىيىم بايرىمى » يىلدا ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ .

تاھىر مامۇت تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر : نۇرگۈل كېرەم

# ۋەكىللىك كىنىشكىسى شوپۇرلۇق كىنىشكىسىچىلىك بولالمامدۇ؟!

ۋاڭ شاۋيى

يېقىندا مەلۇم بىر ئۆلكىدە ، ئۆلكىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر ۋەكىلى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم بىر تارمىقىغا ئىش بېجىرگىلى بارغان . ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دەرۋازىسىدىكى تىزىملاش ئورنىدا كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ، ۋەكىللىك كىنىشكىسىنى چىقارغان . تىزىملاش ئورنىدىكى بىر ئايال مۇنداق دېگەن: « ۋەكىللىك كىنىشكىسىگە 1998 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دەپ يېزىلىپتۇ ، ھازىر ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ . شۇڭا بۇنىڭ بىلەن تىزىملىتىپ كىرىشىڭىز بولمايدۇ » . يەنە بىر ئەر كىشىمۇ: « خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلۋاتقان مەزگىلدە بۇ كىنىشكە بىلەن كىرىشكە بولىدۇ . يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھۆكۈمەت دەرۋازىسىدىن كىرىشكە بولمايدۇ » دېگەن . 10 مىنۇتتەك چۈشەندۈرگەندىن كېيىن بۇ ۋەكىل ئاخىرى شوپۇرلۇق كىنىشكىسىنى چىقارغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ھۆكۈمەت دەرۋازىسىدىن كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنغان .

ۋەكىللىك كىنىشكىسىنىڭ شوپۇرلۇق كىنىشكىسىچىلىك بولالمىغانلىقى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ .

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ كىنىشكىسىنى دۆلەت ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئۈچۈن ياسىتىپ تارقىتىپ بەرگەن . ئۇ ۋەكىلنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان ، ۋەكىللىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان گۇۋاھنامە . ۋەكىللىك كىنىشكىسىنى بېسىپ تارقىتىپ بەرگەن ئورگان ۋە تارقىتىش تەرتىپلىرىدىن قارىغاندا ، ۋەكىللىك كىنىشكىسى شۇ كىنىشكىگە ئىگە بولغۇچىنىڭ سالاھىيىتىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھەم ئاشۇنداق ئىمتىيازغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ . بۇ ۋەكىل تۇرۇۋاتقان ئۆلكىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1998 - يىلى 1 - ئايدا باشلانغان بولۇپ ، ۋاكالەت مۇددىتى 5 يىل . شۇڭا ئۇنىڭ ۋەكىللىك كىنىشكىسىنىڭ كۈچكە ئىگە ، قانۇنلۇق كىنىشكا بولۇشىدا گەپ يوق .

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىدا ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملاردۇر ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدە شۇ كىنىشكا بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارسا بولىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن . بىراق ئۇ كىشى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولسىمۇ ، شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىش ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولالمىغان .

دەرۋەقە ، بەزى ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدىكى قىل دېگەننى قىلماسلىق ھادىسىلىرى ۋەكىللەرنىڭ نوپۇزىنى ئۆچۈرگەن دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدى ، بۇ ئەھۋال كىشىلەرنىڭ ۋەكىللەرگە بولغان تونۇشى ۋە ئىشەنچىسىگە تەسىر يەتكۈزدى ، بۇمۇ بىر تەرەپلىمە سەۋەب .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، يەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدە ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ ، ۋەكىللەر سايلىغۇچىلارغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش ، ۋەكىللەر سايلىغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش كۈنى تەسىس قىلىشقا ئوخشاش بىر قاتار ياخشى

ئۇسۇللارنى تېپىپ چىققان بولسىمۇ ، لېكىن ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدىكى رولى يەنىلا تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى . پەقەت خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلغان مەزگىلدىلا ئاما كىمنىڭ ۋەكىل ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالىدىغان ، بەزىدە ھەتتا كىمنىڭ ۋەكىل ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئاندا ـ ساندا كۆرۈلۈپ تۇرىۋاتىدۇ .« ۋەكىل دېگەننىڭ قۇرۇلتاي ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا ئىشى تۈگەيدۇ » دەيدىغان قاراش تېخى تۈپتىن ئۆزگەرگىنى يوق . دەرۋازىغا قارايدىغان ئىككى قاراۋۇلنىڭ دېگىنىمۇ شۇ خىل ئەھۋالنىڭ بىۋاستە ئىنكاسى .

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرەلمەسلىك ھادىسىلىرىنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئورگان خىزمەتچىلىرىگە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى توغرىسىدىكى تەشۋىق ـ تەربىيىنى كۈچەيتىشى ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدىكى پائالىيەتلەرنى ياخشى تەشكىللەپ ، ۋەكىللىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي تۈردە يۈرگۈزۈپ ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى تىكلىشى لازىم .

(« خەلق گېزىتى » نىڭ 2001 ـ يىل 18 ـ ئىيۇل سانىدىن ئابدۇۋەلى مامۇت تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر : نۇرگۈل كېرىم

## كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي
## كومىتېتى قىسمەن ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى جانلىق تەبرىكلەش مەقسىتىدە 2001 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ ، 29 ـ كۈنلىرى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى .

بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە ناھىيە تەۋەسىدىكى 14 يېزا ، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ رەئىسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 36 نەپەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى سېپىدە ئۇزۇن يىل ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققان قىسمەن پېشقەدەم كادىرلار قاتنىشىپ ، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىككى مۇئاۋىن مۇدىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھىيە تەۋەسىدە يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلىپ بېرىلغان كۆزنەك خاراكتېرلىك ، نۇقتىلىق زامانىۋى چوڭ قۇرۇلۇشلارنى ۋە قىسمەن يېزا ، بازارلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى .

ئاخىرىدا ۋەكىللەر بۇ ئىككى كۈنلۈك پائالىيەت جەريانىدا ئېرىشكەن تەسىرات ، پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى ۋە كۆزدىن كەچۈرۈلگەن بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەم ئۇنى باشقۇرۇش جەھەتتە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قارىتا تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بەردى .

( كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن قاسىمجان رەجەپ )

مەسئۇل مۇھەررىر : تاھىر مامۇت

2001

# داخانغا ئالدانغاننىڭ ئاقىۋىتى

قۇۋانخان ئىسمايىل

بىر كۈنى يېزىدىكى چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىگە باردىم چاي ـ پاي ئىچكەندىن كېيىن ، چوڭ ئانامدىن سىنىپىمدا ئوقۇيدىغان بىر قىزنىڭ ئەھۋالىنى سورىدۇم ، چوڭ ئانام خۇدۇكسىنغان ھالدا :

ــ ھەي ، قىزىم بۇ قىزنى باشتا دوختۇرخانىغا ئاپارماي يېزىمىزدىكى بىر داخانغا كۆرسىتىپتۇ ، ئۇ داخان بۇ قىزنى ئالداپ كېتىپتۇ ، ئۇنىڭغا ئال دۇئاسى ئوقۇتۇڭلار دەپتۇ . ئۇلار نادانلىق قىلىپ ، داخاننىڭ دېگىنىگە ئىشىنىپ ، بىر نەچچە قېتىم ئال دۇئاسى ئوقۇتۇپتۇ . ئەمما قىز كېسەلدىن يەڭگىللەش ئۇياقتا تۇرسۇن ، كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ . قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆيىدىكى بارلىق پۇل ـ پۇچەك ، مال ـ بىساتلىرىنى داخانغا بېرىپ تۈگىتىپتۇ ــ دېدى .

مەن ئەجەبلەنگەن ھالدا :

ــ ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن كىچىككىنە بىر قىز قانداقسىگە ئاللاپ كېتىپتۇ؟ كونىلاردا ئايالالار تۇغۇتتىدا دىققەت قىلمىسا ئۇڭايلا ئاللاپ كېتىدۇ ، دىگەن سۆز بار ئىكەندۇق ، مەن ھەرگىز ئىشەنمەيمەن . ئۇ داخان ئىنتايىن ئالدامچى ئىكەن ــ دېدىم .

چوڭ ئانام بىلەن بىرگە ئۇ قىزنىڭ ئۆيىگە كىردۇق ـ دە ، قارىسام قىزنىڭ كېسىلى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەن . مەن ئۇنىڭ زەئىپلەشكەن ، زەپىرەڭدەك سارغايغان چىرايىغا قاراپ كۆڭلۈم بەكمۇ بىئارام بولدى . ئۇلاردىن :

ــ سىلەر نېمە ئۈچۈن بۇ قىزنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارماي داخانغا كۆرسەتتىڭلار؟ ـ دەپ سورىدىم ۋە ، ـ دوختۇرغا ئېلىپ بارغىنىڭلار تۈزۈك ، ھازىرمۇ كېچىكمەيسىلەر ، قىزنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد بار ــ دەپ كۆڭلىنى ياسىدىم .

ئارىلىقتا ئىككى كۈن ئۆتۈپ ، يەنىلا خاتىرجەم بولالماي ئۈچىنچى كۈنى قىزنىڭ ئۆيىگە باردىم . قىز بىر خىللا ياتاتتى . مەن قىزنىڭ ئانىسىدىن :

ــ دوختۇر نېمە دەيدۇ ، ــ دەپ سورسام ، قىزنىڭ ئانىسى كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا :

ــ قان راك بولۇپ قاپتۇ . دەرھال ئۈرۈمچىگە ئاپىرىڭلار ، دېدى ــ دەپلا ئۆپكىدەك ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى . مېنىڭ ئۈستۈمدىن بىرسى بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيىۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم . قانداق قىلىش كېرەك؟ مەندە شۇ ئان مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلار ۋە شۇ يېزىدىكى خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ، ئىئانە توپلاپ ، قىزنى بۇ نىجىس كېسەلدىن قۇتقۇزۇش ئىستىكى تۇغۇلدى .

شۇ كۈندىن باشلاپ « قان راك » دېگەن سۆز قۇلاق تۈۋىمدىن نېرى كەتمەي ، مېنى كۈن بويى ئازابلاپ كەلدى . بۇ قىزنىڭ چىرايى ۋە تۇرقى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ ، مەكتەپتىكى ياخشى ئىش ـ پائالىيەتلىرى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى . ئۇلار قىزنى ئۇزاققا قالماي ئۈرۈمچىگە دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى . ئۇ يەردىكى دوختۇرلار قىزنىڭ كېسىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقى ، 200 مىڭ يۈەن پۇل بولسا ئاندىن قىزنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ . قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي بارماقلىرىنى چىشلەپ كېتىپتۇ . ئىككى يۈز مىڭ يۈەن ئاز پۇل ئەمەستە! جاھاندا پۇل ھەممىگە قادىر دېسە ئىشەنمەيتتىكەنمەن . پۇل دىگەن بۇ نەرسە ھاياتىمىزدىنمۇ مۇھىم ئىكەن . ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان بۇ مەسۇمە خۇدا ئالدىدا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتى ، ھە! ئەمدىلا ئېچىلىۋاتقان غۇنچە ئەمەسمىدى!

قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كۈنبويى يىغلاپ ـ قاقشاپ

يېرىم ئايغا قالماي قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قاپتۇ .
دوختۇرخانىدىكى ياتاقداشلىرى ۋە دوختۇر ، سېسترالار
ئۇلارنىڭ ھالىغا چىداپ تۇرالماي ئاز ـ تولىدىن پۇل يە-
غىش قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ سەممىي كۆڭلىنى ئىزھار قى-
لىشقان بولسىمۇ ، قىزنى بۇ رەھىمسىز كېسەلنىڭ چاڭگى-
لىدىن قۇتۇلدۇرالماپتۇ .

ئۇزۇنغا قالماي قىزنى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ
كەلدى ، مەن مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇ-
چىلار ۋە جەمئىيەتتىكى ئەل سۆيەر كىشىلەرنى سەپەرۋەر
قىلىپ ، ئىئانە توپلىغان بەش مىڭ يۈەن نەق پۇلنى ئېلىپ ،
سىنىپىمدىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن قىزنىڭ ئائىلى-
سىگە يوقلاپ باردۇق . ئۇ قىز ئىشىكتىن كىرگەن ساۋاق-
داشلىرىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ھەرىكەت قىلغان
بولسىمۇ تۇرالمىدى . ئۇنى مىدىرلىماسلىققا ئۈندىدۇق .
ساۋاقداشلار قىز بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆ-
رۈشتى . ئاخىرىدا قىز ساۋاقداشلىرىغا :

ــــ سىلەرنىڭ ئىلىم ـ پەننى تىرىشىپ ئۆگىنىپ كەل-
گۈسىدە ياراملىق ئىز باسارلاردىن بولۇپ يېتىشىپ ، مەن
قىلالمىغان ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ۋەتەن ، خەلق
ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن . بۇ مېنىڭ
سىلەرگە ئېيتىدىغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈم بولۇپ قېلىشى
مۇمكىن . . . ، ــــ دېدى .

ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى . سا-
ۋاقداشلار ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى .

ئۇزۇن ئۆتمەي قىز بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى .
قىزنىڭ ئۆلۈمى مەكتەپتىكى بارلىق ساۋاقداشلار ئۈچۈن
ئۇنتۇلغۇسىز ئازاب بولدى .

قىزنىڭ ئانىسى يەردە يۇمۇلاپ يۈرۈپ ، مەن بەك
خۇراپىي ، نادان ئىكەنمەن . كۆرمەمدىغان بۇ دۆتلۈكنى ،
قىزىمنى باشتىلا داخاننىڭ ئالدىغا ئاپارماي دوختۇرخانىغا
ئاپارغان بولسام بۇنداق ئىش بولماستى . قىزىمنىڭ ئا-
خىرەتكە كېتىشىگە مەن سەۋەبچى ، قىزىم كەتكۈچە مەن
كەتسەم بولمامدۇ . . .دېگىنىچە يىغلايتتى .

شۇ تاپتا ھېلىقى ئالدامچى ، قىزىل كۆز داخانغا
ھەممىمىزنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ئۇرغۇپ تاشماقتا ئىدى .
مېنىڭ بىر تۇرۇپ داخانغا ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆچمەنلىكىم
قوزغالسا ، بىر تۇرۇپ قىزنىڭ ئانىسىغا بولغان نەپرى-
تىمنى باسالمايتتىم . چۈنكى ، نادان ئانا قىزىنىڭ بۇ دۇنيا
بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىشىغا سەۋەبچى بولدى ـ دە!

**(ئاپتور ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئائىلە قۇرۇسىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر : سەمەت دۆگايلى**

# كۆكيار يېزىسىدىكى بىر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى

كېرىيە ناھىيە كۆكيار يېزىلىق 6 ـ نۆۋەتلىك خ ق
ھەيئەت رىياسەتلىكىنىڭ تەكلىپ بېرىشى بىلەن ، 2001 ـ
يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كۆكيار يېزا ئاستىنئېرىق
سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ئۆزلىرى سايلىغان نا-
ھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ، كۆكيار يېزا ئاستىن-
ئېرىق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەتروزى
ھاشىمنىڭ خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ خىيانەت
قىلىش ، كوللېكتىپ ئىقتىساد ھەم مال ـ مۈلكىنى ئىگى-
لىۋېلىپ قايتۇرماسلىق شەكىللىرى ئارقىلىق 30 مىڭ
يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي مەسىلە سادىر قىلغانلىق
قىلمىشىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ،
مەزكۇرنى ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى يوقاتقان دەپ قاراپ ،
مۇتلەق كۆپ ساندىكى سايلىغۇچىلارنىڭ قوشۇلۇشى
بىلەن ئۇنى كېرىيە ناھىيىلىك 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن ئېلىپ تاشلىدى .

**( كېرىيە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسىدىن : قاسىمجان رەجەپ )**

2001

## خەۋەرلەر

# باغئاۋات يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى ئازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلدى

يەكەن ناھىيىسى باغئاۋات يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ يېزا تەۋەسىدىكى بىر قىسىم كەنتلەردىكى قالايمىقان ھەق ئېلىش ، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش ئەھۋاللىرىغا قارىتا ۋەكىللەر بەرگەن پىكىر ، تەكلىپلەرگە ئاساسەن يېزىلىق پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ بېرىپ ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا چېتىشلىق بولغان ھەر خىل جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، سۇ ھەققىگە پۇل قوشۇپ يىغىۋېلىش ئەھۋاللىرىنى ئۈنۈملۈك توسۇش ئۈچۈن بىر قاتار پىلان ، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ ، يېزا بويىچە بۇ يىلنىڭ بېشىدىلا ھەر قايسى ئورۇنلار بىلەن دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدا مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىغانىدى .

يىل بېشىدا ئىمزالىغان بۇ توختامنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈنۈمى كۆرۈلدى . نەتىجىدە بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا يېزا بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش خىزمەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ، باھالاشتىن بەش قېتىملىق باھالاش قىسقارتىلىپ ، تاماق ۋە قاتناش چىقىمىدىن 18 مىڭ 680 يۈەن ئازايتىلدى . كەنت دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ، باھالاشتىن ئالتە قېتىملىق باھالاش قىسقارتىلىپ ، دېھقانلارنى جازالاش تەربىيە ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۆزگەرتىلدى . سۇ ئىنشائىتى قۇرۇلۇشىغا خالىغانچە ياغاچ قويۇشنىڭ ئورنىغا ئەمەلىي تەكشۈرۈپ ۋەزىپە قويۇلۇپ ئۆتكەن يىلدىكىگە قارىغاندا 286 تال ياغاچ ، 780 هارۋا شاخ ئازايتىلدى . شۇنىڭ بىلەن يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشكە بولغان نازارەتچىلىكى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇلۇپ ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى .

(يەكەن ناھىيە باغئاۋات يېزىسىدىن نۇردۇن سابىر )

## ئىككسۇ يېزىسىدا ئىلغار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مۇكاپاتلاندى

پوسكام ناھىيە ئىككسۇ يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى ئۆتكەن يىلدىن بۇيان ، خ ق ھەيئەت رىياستى ئەزالىرىنى ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىغا مەسئۇل قىلىپ ، دائىرە بويىچە ئىش تەقسىملەپ ئىشلەپ ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇردى .

بۇ يېزا تەۋەسىدە 51 خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ ، يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى ئۇلارنى قەرەللىك ھالدا خىزمەتتىن دوكلات بېرىش بىلەن بىللە ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئۇلارنى دادىل ئىشلەشكە رىغبەتلەندۇردى . ۋەكىللەرنىڭ قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇقنى تولۇق يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلدى ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئىڭى ئۆسۈپ ، ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى . ئاما بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى .

يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ھەيئەت رىياستى خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئېچىپ ، خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش بىلەن بىللە ، ئىككى ئىلغار ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى ۋە 12 ئىلغار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى مۇكاپاتلىدى .

( پوسكام ناھىيە ئىككسۇ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئەبەيدۇللا تۇنىياز )

## شايار ناھىيىلىك 12 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، نۇرباغ يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ رەئىسى قاھار ئىمىرەمزە خاتالىق سادىر قىلىپ جازالاندى

يولداش قاھار ئىمىرەمزە 1998 - يىلىدىن 2001 - يىل 1 - ئايغىچە ئۆز ئۆيىدە بىر ۋاق ناماز ئوقۇپ كەلگەن . 1999 - يىل 11 - ئايدىن 2000 - يىل 2 - ئايغىچە ئۆزىنىڭ نۇرباغ كەنتىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى سىرتتىن كەلگەن بىر تالىپقا ئىجارىگە بەرگەن . 2001 - يىل 1 - ئايدا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى نۇرباغ يېزىسىدا بىر قېتىملىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ يەر ئاستى پارتلاتقۇچ دورا ياساش ئۇۋىسىنى پاش قىلغاندا ، بۇ تالىپ پارتلاتقۇچ دورا ياساش ئۇۋىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قولغا چۈشكەن . قاھار ئىمىرەمزە بىر پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىر تۇرۇقلۇق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ، ئۆيىنى سىرتتىن كەلگەن نامەلۇم تالىپقا ئىجارىگە بەرگەن . ئۇنىڭ قىلمىشى پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ بولۇپ پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلغان . ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قاھار ئىمىرەمزىگە پارتىيە ئىچىدە بىر يىل سىناپ قالدۇرۇش جازاسى بېرىشنى قارار قىلدى . يەنە قاھار ئىمىرەمزىنىڭ قىلمىشى مەمۇرىي ئىنتىزامىغا خىلاپ بولۇپ كەڭ كادىرلار ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن دۆلەت مەمۇرلىرى ۋاقىتلىق نىزامىنىڭ 31 - ماددا 2 - تارماق ۋە 33 - ماددىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ، شايار ناھىيىلىك مەمۇرىي تەپتىش ئىدارىسى ئۇنىڭغا مەمۇرىي جەھەتتىن بىر دەرىجە مائاشىنى چۈشۈرۈش جازاسى بېرىشنى قارار قىلدى .

( شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن نۇردۇن سوپۇر )

2001

# مەكىت ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي نامايەن قىلدى

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، سىستېمىلاشتۇرۇش ھەم دائىملاشتۇرۇش، مۇشۇ سەپتە ئىشلەۋاتقانلارنىڭلا ئىشى بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەلەرنىڭ ئورتاق ئىشى. مانا بو زور ئىشنى ئەزەلدىن پۈتۈن ناھىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى قاتارىغا قويۇپ كېلىۋاتقان مەكىت ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىزچىل قوللاپ، ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى كۆپ يىللاردىن بۇيان قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇقنى ئۈنۈملۈك ئادا قىلىپ پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

مەكىت ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ناھىيە تەۋەسىدىكى 10 يېزا، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش ھەم دائىملاشتۇرۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلدى. بۇ يىل ئۇلار ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقنى كاپالەت، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى نىشان قىلىپ، قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇقىغا ئاساسەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى قەرەللىك ۋە قەرەلسىز تەكشۈرۈش بىلەن بىرگە، ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ 220 تۈرلۈك دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى. 130 قېتىمدىن كۆپرەك مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، ناھىيىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى دەۋر قىلغان بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. 333 نەپەر دۆلەت خىزمەتچىسىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى.

ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر ۋەكىللەر خىزمىتىنى ئىزچىل چىڭ تۇتۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۈچ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىگە قارىتا سىياسىي نەزەرىيە ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتە باشلامچى بولۇش؛ قوش تىل ئۆگىنىشتە باشلامچى بولۇش؛ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشتە باشلامچى بولۇش؛ پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، يېڭىلىق يارىتىشتا باشلامچى بولۇش؛ كىرىمنى كۆپەيتىپ، ئىگىلىك تىكلەشتە باشلامچى بولۇش؛ جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا باشلامچى بولۇش؛ نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشتا باشلامچى بولۇشنى ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشنىڭ بىردىنبىر شەرتى قىلدى. ھازىرغا قەدەر ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى يوقاتقان ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 16 ۋەكىلىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى بىكار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىياسىي ئىدىيىدە ئىلغار، ئاممىا ئېتىراپ قىلىدى-

# خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكتى

كۇچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگۇ-رۇپپىسى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ « 3 كە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى پائال ئۆگىنىش ۋە ئىزچىل-لاشتۇرۇش ئاساسىدا ، خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى-دىكى مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن ئۆ-گىنىشتە ، ئەمگەكتە ، ياتاقتا ، تاماقتا بىرگە بولۇش پا-ئالىيىتىنى قانات يايدۇردى .

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ % 70 ى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار بولۇپ ، ئۇلار ئاساسىي قاتلامغا بارغاندىن كېيىن دېھقان ، چارۋىچىلار بىلەن بىرگە بولۇپ ، دېھقان ، چارۋىچىلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ، ئالا-لمۇى ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ، سۇ ھەققى يۇقىرى بولۇپ كېتىشتەك بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئىگىلەپ ، دېھ-قان - چارۋىچىلارغا پارتىيىمىزنىڭ نۆۋەتتە يېزىلارغا قا-راتقان تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىك تېرىقچىلىق قىلىشىغا مەدەت بەردى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ بېرىپ ، خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيە ، ھۆكۈمەتتىن كۈتكەن ئۈمىدىنى رىياللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ، ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى .

( كۇچا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن ئەخمەتجان موللامەت )

---

غان ھەمدە ۋەكىللىك ھوقۇقىنى ئادا قىلالايدىغان 16 كىشىنى ئەسلى سايلام رايونلىرىدا تولۇقلاپ سايلىدى .

ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇل-تىيى ۋەكىللىرىنى 58 قېتىم تەكشۈرۈش ، كۆزدىن كەچۈ-رۇشكە تەشكىللەپ ، تەكشۈرۈلگۈچى ئورۇنلارنىڭ خىز-مەتلىرىگە قارىتا نازارەتچىلىك سالمىقىنى زورايتتى . شۇ-نىڭ بىلەن بىرگە ، ئاممىنىڭ يۇقىرىقى ئورۇنلارغا تەكلىپ ، تەۋسىيە ، تەنقىد ، پىكىر بېرىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇر-دى . شۇنداق بولغاچقا ۋەكىللەر ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان تەكلىپ ، تەۋسىيە ، تەنقىد ، پىكىرلەرنىڭ بېجىرىلىپ بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى % 95 تىن ئېشىپ ، سۈپىتىمۇ ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . ھازىرغىچە ئۇلار ئام-مىدىن كەلگەن 1408 پارچە تەكلىپ تەۋسىيە ۋە تەنقىد ، پىكىرنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇلارنىڭ بېجىرىلىشىگە ئەستا-يىدىل مۇئامىلە قىلدى . نەتىجىدە بۇ تەكلىپ ، تەۋسىيە ، تەنقىد ، پىكىرلەرنىڭ بېجىرىلىشىگە بولغان ھەيدەكچىلىك كۈچەيتىلگەچكە ، ئاساسەن تولۇق بىر تەرەپ قىلىندى . يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئاممىدىن كەلگەن خەت - چەك ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەر ياكى ئەرز - شىكايەتلەردىن جەمئىي 2258 ئادەم (قېتىم) نى قوبۇل قىلىپ ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى .

( مەكىت ناھىيىلىك رادىئو ئىستانسىدىن مەخەت مەخمۇت )

مەسئۇل مۇھەررىر : تاھىر مامۇت

# ۋاقىت ۋە خاراكتېر

*سەھەرنى ياقتۇرىدىغانلار :* دائىم باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ جانلىق ۋە جۇشقۇن ھالدا ھەر بىر كۈننىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈۋالىدۇ . ئۇلارنىڭ تېنى ساغلام بولىدۇ ، يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا باي كېلىدۇ . بۇنداق ئادەملەر خىزمەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ ، بەلكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمەت تېپىپ ئىشلەيدۇ .

*ئەتىگەننى ياقتۇرىدىغانلار :* تۇرمۇشنى قانۇنىيەتلىك ئۆتكۈزىدۇ ، خىزمەت ۋاقتى توشۇشى بىلەنلا قايسى ئىشنى قىلىشى كېرەكلىكىنى ، بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغىنىنىمۇ بىلىدۇ . ئۇلارنىڭ دوستلىرى ۋە خىزمەتداشلىرى ئۇلارنى ناھايىتى ئىشەنچلىك ۋە ئۈمىدۋار ، خىزمەت ئىقتىدارىمۇ خېلى كۈچلۈك دەپ تونۇيدۇ .

*چۈشنى ياقتۇرىدىغانلار :* كۆپ قىسىملىرى قىزغىن بولۇپ ، دوستلىرىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشەلەيدۇ . بۇ ئادەملەر ئىنتايىن گەپدان بولۇپ ، باشقىلار بىلەن ئاسان چىقىشالايدۇ ، باشقىلاردىن ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ .

*چۈشتىن كېيىننى ياقتۇرىدىغانلار :* باشقىلارغا ئىشنى ئاستا قىلىدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ ، لېكىن ئىش باشلىسىلا ئاسان توختاپ قالمايدۇ . بۇنداق ئادەملەردە يېتەرلىك زېھنىي كۈچ ۋە ئىقتىدار بولۇپ ، باشقىلار 4 ـ 5 سائەتتە ئاران قىلىپ بولالايدىغان خىزمەتنى ئىككى سائەتتىلا قىلىپ بولىدۇ .


*زاۋالنى ياقتۇرىدىغانلار :* دوستلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ ، دوستلۇقنى قەدىرلەيدۇ . ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيىدۇ ، ئۇلار ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئىمكانقەدەر كۆپرەك بىرگە بولۇشنى ياقتۇرىدۇ .

*كەچنى ياقتۇرىدىغانلار :* بۇلار تېلېۋىزور ، كىنو كۆرۈشنى ياكى كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلاردۇر . بۇنداق ئادەملەر مودا قوغلىشىدۇ ، خىلمۇ خىل ئىشلارغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ ، بىلىممۇ ئىنتايىن مول بولىدۇ .

*كېچىنى ياقتۇرىدىغانلار :* بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كارۋاتتا ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغانلار بولۇپ ، بۇنداق ئادەملەر ئەنئەنىۋى چۈشەكنى ياقتۇرمايدۇ ، ئۆزگىچە تولۇق ئىشىنىدۇ ، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنى دائىم چېلىقتۇرغىلى بولىدۇ .

*ئالاھىدە ۋاقىت قىزىقىشى بولمىغانلار :* ماسلىشىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك ، جانلىق ، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ ، پىلاننى ئۆزگەرتىشكە ئىنتايىن ئامراق .

**تاھىر مامۇت تەرجىمىسى**



# قانداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟

خالىدە قاسىم

تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسىدا ئېنىق قىلىپ: «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش قابىلىيىتى ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇنداق بولسا قانداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

**1. ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇشتا يېڭى ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىپ ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك**

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا بىر تامچە سۇ بېرىش ئۈچۈن بىر چېلەك سۇ بولۇشتەك ئۆلچەمنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەسپىي ساپاسى ۋە ھەر تەرەپلىمە بىلىمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئوقۇتقۇچىنىڭ بىلىمى مول، ئۇسۇلى رەڭگارەڭ بولسا ئوقۇغۇچىلارنى جانلىق يېتەكلىگىلى بولىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە قىزىقىشىنى چىڭ تۇتۇپ، جانلىق، ئۈنۈملۈك ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىشى كېرەك. يەنى، دالا سەيلىسى، باغچىلارنى سەيلە قىلدۇرۇش؛ يېزىلاردا بولسا، تەبىئەتنى كۆزىتىش، ئۆسۈملۈكلەرنى كۆزەتكۈزۈش، ئەتراپتىكى ئىشلارنى كۆزەتكۈزۈش ۋە كۆزەتكىنىنى سۆزلەش ۋە يېزىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە كۆپرەك تەشكىللەش لازىم. بۇنداق بولغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر قىلىشىغا شەرت ھازىرلىغىلى بولىدۇ. مەن «ئېلىپبە» دەرسلىكتىكى «باھار» دېگەن دەرسنى ئۆتكەندە دەل باھار ۋاقتىغا توغرا كەلگەچكە، ئوقۇغۇچىلارنى بىر سائەتلىك تەبىئەت مەنزىرىسىنى كۆزىتىشكە تەشكىللىدىم. ئۇلار مامكاپ، بېدە، يالپۇز، دېھقانلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرى قاتارلىقلارنى كۆرۈپ، قۇشلارنىڭ سايرىغىنىنى ئاڭلىدى. مەن 2 ـ سائەتلىك دەرستە بۇ دەرسنىڭ ماۋزۇسىنى دوسكىغا يېزىشىم بىلەنلا باللار جۇۋۇرلىشىپ كەتتى. مەن رەسىمنى كۆزەتكۈزۈپ، باھار كەلگەندە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدىكەن، دەپ سورىشىمغا، ئوقۇغۇچىلار ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشىپ كەتتى:

— تەبىئەت ياپيېشىل تۈسكە كىرىدىكەن.

— مامكاپلار ئېچىلىدىكەن، بېدىلەر كۆكىرىشكە باشلايدىكەن، يالپۇزلار ئۈنۈپ چىقىدىكەن، قۇشلار ئىسسىق ياقلاردىن ئۇچۇپ كېلىشكە باشلايدىكەن...

ئۇلارنىڭ كۆزەتكىنى چىن، ھەققىي نەرسىلەر ئىدى. كىتابتا يېزىلمىغان نۇقتىلارنىمۇ

ئۇلار ئىنچىكە كۆزەتكەندى . بۇ دەرستىكى 4
سائەتلىك نىشانىنى مەن 2 سائەتتىلا ئۇنۇملۇك ،
ئۆزلۈم قايىل بولغۇدەك ئورۇندىدىم .

**2 . رەسىمنى كۆپلەپ كۆزەتكۈزۈش ،**
**كۆزەتكىنىنى يازدۇرۇش كېرەك**

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن يىللىقىدا
« رەسىملىك ئېلىپبە » كىتابىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ياش ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇپ تۈزگەن . رە-
سىمنى كۆزەتكۈزگەندە مەقسەت ئېنىق بولۇشنى
ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم . تۆۋەن يىللىقلاردا رەسىم
كۆزەتكەندە بىر ـ ئىككى جۈملە يېزىش ، سۆز-
لەش تەلەپ قىلىنىدۇ . لېكىن يۇقىرى يىللىقلاردا
بولسا بىر ، قانچە ئابزاس يېزىش ياكى سۆزلەش
تەلەپ قىلىنىدۇ . ھازىر دەرسلىكلەرنى تۈزگەندە
ھەر بىر دەرسكە بېرىلگەن قىستۇرما رەسىملەر بار .
ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۆۋەن يىللىقتىن باشلاپلا رە-
سىمنى كۆزىتىپ سۆزلىشىگە ئەھمىيەت بېرىلسە ،
تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدى-
سى بولىدۇ . مەن « تەكەببۇر تۇز » دېگەن
دەرسنى ئۆتكەندە ، ئۇلاردىن سوئال سوراشتىن
ئاۋۋال رەسىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكۈزدۈم .
ئوقۇغۇچىلار رەسىمنى كۆزەتكىنى ئاساسىدا سو-
ئاللارغا دادىللىق بىلەن جاۋاب بەردى . يەنى ،
تۇزنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ، يەلپۈ-
گۈچكە ئوخشايدىغانلىقى ، ئۇنىڭ ئەڭ چىرايلىق
جايىنىڭ ئۇنىڭ قۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى پەقەت رە-
سىمنى كۆزىتىش ئاساسىدا جاۋاب بەردى .

بۇ نۇقتىلارنى ھەل قىلىۋالغاندىن كېيىن ،
تەكەببۇر تۇزنىڭ مۇشۇ ئارتۇقچىلىقى بولغاچقا
باشقىلار ئالدىدا تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقىنى سۆز-
لەپ بەرسەك ، دەرس مەزمۇنىنى ئىگىلىشىگە ئا-

سانلىق يارىتىپ بەرگەن بولىمىز .

**3 . ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچى ئاساس ، ئو-**
**قۇتقۇچى يېتەكچى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز**
**لازىم**

ھازىر ئوقۇتۇشتا يېڭى ئۇسۇللار كۆپلەپ
بارلىققا كەلمەكتە . ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى
رىغبەتلەندۈرۈپ كۆپرەك كۆزىتىشكە ، پىكىر قى-
لىشقا يېتەكلىشى ، ئوقۇغۇچىلارنى كۆپ سۆزلىتىش ،
ئوقۇتقۇچى ئاز سۆزلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم .
ئوقۇتقۇچى يەتكۈزمەكچى بولغان بىلىمنى ئۆزى
سۆزلەپلا تۈگىتىۋەتسە ، ئوقۇغۇچى شۇ سائەتلىك
دەرسنى بىلگەندەك قىلغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ تە-
پەككۇر ئىقتىدارى بوغۇلۇپ قالىدۇ . دەرس ئا-
خىرىدا گۇماندارلىقى يۇقىرى بىرەر سوئالنى بالى-
لارنىڭ مۇنازىرىسىگە تاشلاپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ
ئەقلىي قابىلىيىتىنى سىنىغاندا ، بۇنىڭ ئۈنۈمى تې-
خىمۇ ياخشى بولىدۇ .

**4 . ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئۆز ـ**
**ئارا ماسلىشىشى كېرەك**

دەرسخانىنى ئوقۇتقۇچى ھەم ئوقۇغۇچى
ئورتاق نىشانغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان
جەڭگاھ دېيىشكىمۇ بولىدۇ . چۈنكى ، بىر سا-
ئەتلىك دەرسنى تەييارلاپ كىرگەن ئوقۇتقۇچى
دەرس تەييارلىغاندا ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي
ئەھۋالىغا ئاساسەن دەرس تەييارلايدۇ . دەرس
تەييارلىقى سىنىپ ئالاھىدىلىكى ، ياش ئالاھىدى-
لىكى ، ئۆگىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كەلمىسە ،
ئۇ سائەتلىك ئۆتۈلگەن دەرسنىڭ ئۈنۈمىنى ياخشى
دېگىلى بولمايدۇ . بۇنداق دېگەنلىك 1 ـ سىنىپنىڭ

ئوقۇغۇچىلىرىغا يۇقىرى يىللىقتا قويۇلغان تەلەپ بويىچە تەلەپ قويساق ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنلارنى چۈشىنىپ جاۋاب بېرىشى قىيىنغا توختايدۇ . 1 ـ يىللىقتا دەرس سۆزلەپ ئۇلارنى پىكىر قىلىشقا يېتەكلىگەندە ئاددىي ، چۈشىنىشكە ئاسان تىللارنى ئىشلىتىپ ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ ، خۇددى ئۇلارنىڭ ئۆز ئانىسىدەك مېھرىبان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم . شۇنداق قىلغاندا ، ئۇلارنى سۆزلەشكە يېتەكلىگىلى ، تەپەككۇرىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ .

بەزى ھەل قىلالمىغان نۇقتىلار ، يېڭى بىلىملەرنى كۆرسەتمە ئارقىلىق ئاسانلا ھەل قىلىشقا بولىدۇ . مەسىلەن : « ئېلىپبە » دەرسىدىكى « باھار » دېگەن تېكىستنى ئۆتكەندە ، مەن جۈملىلەرنى دوسكىغا يېزىپ ، ياپۇز ، تۇرنا ، مامكاپ دېگەن سۆزلەرنى يازغىنىمدا ، ئوقۇغۇچىلار ياپۇزنىڭ قانداق ئۇچۇملۇق ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلەلمىدى . مەن ياپۇزنىڭ رەسىمىنى چىقىرىپ كۆرسىتىشىمگىلا ئوقۇغۇچىلار بىردەك :

ــ مۇئەللىم ، بۇ سۆزە ئىكەن ، ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى . قالغان سۆزلەرنىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆگىتىپ ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلىدىم .

**6 . تاپشۇرۇقنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغاندا ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى يوشۇرۇن يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ**

ھازىر تۆۋەن يىللىق ئوقۇغۇچىلارغا تاپشۇرۇق بەرمەسلىك تەكىتلىنىۋاتىدۇ . مېنىڭچە ، باللارغا ھېچقانداق تاپشۇرۇق بېرىلمىسە ، بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس ، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئاچىدىغان ، دەرسكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇيلىنىش سوئاللىرىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشقا پايدىسى كۆپ .

ھازىر ساپا مائارىپى تەكىتلىنىۋاتىدۇ . ساپا مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئوقۇغۇچىلارنى ھەر تەرەپلىمە تەربىيىلىنىشكە يۈزلەندۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ بىلىملىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر . ساپا مائارىپىنى مەكتەپلەردە جانلىق ، دادىل ئېلىپ بېرىپ پۈتۈن مەكتەپلەرگە يۈزلەندۈرگەندە ، ئۇلارنىڭ بىلىمنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ . بىلىم كۆپەيگەنسېرى ئۇنى ئىپادىلەشتە دادىل بولىدۇ .

مەسئۇل مۇھەررىر : سەمەت دۇگايلى



# قابىل يېتەكچى ، ئۈلگىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى

## ــ توقسۇ ناھىيە ئۈچقات يېزا بەلكەستى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى يۇسۇپ ئابدۇل توغرىسىدا

ئەزىز توختى

يولداش يۇسۇپ ئابدۇل ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ ، 5 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ، ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 6 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ھەم پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە توقسۇ ناھىيىلىك 5 ـ دىن 12 ـ نۆۋەتلىككىچە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى .

ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ئاممىسىغا سادىق بولۇپ ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن ، فاڭجېن ، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ، ھەر ۋاقىت جۇشقۇن ۋە ئەمەلىي ئىشلەپ ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم ۋە يېزىلىق پارتكوم ، خ ق ھەيئەت رىياسەتتى ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە كەنتتە پارتىيە ياچېيكىسى ھەيئەتلىرىنى ۋە كەنت ھەيئەتلىرىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ « كەنتتە پارتىيە ياچېيكىسى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ يادروسى ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ يېتەكچى ئاساسى » دېگەن نەزەرىيىۋى ئاساسنى ياچېيكىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى قىلىپ ، سىياسىي ئىدىيىۋى ھەرىكەت جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن قەتئىي بىردەكلىكنى ساقلاپ ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە باشتىن ـ ئاخىر تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ ، باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان « 3 كە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپ ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ ، نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ ، دېھقان ، چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ ، ئۇلارنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق بېيىش يولىغا باشلاپ ، كادىرلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى ئىچىدە قابىل باشلامچى ، ئۈلگىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى دەپ تەرىپلەنمەكتە .

يولداش يۇسۇپ ئابدۇل ئۆزىگە ۋە كەنت رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا قارىتا « ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ۋە كەنت دەرىجىلىك كادىرلار پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى ، ئىجرا قىلغۇچىلىرى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ھۆكۈمەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردا ھۆكۈمەتنىڭ ئىلمىي ، توغرا تەدبىر بەلگىلىشىنى

تەمىن ئېتىشى لازىم . » دېگەن تەلەپنى قويدى .

يولداش يۇسۇپ ئابدۇل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ ، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يىلىدىن يىلىغا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى . ئۇ ئاممىغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە ، تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىپ ، ئۇلارغا ھەر ۋاقىت « شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتتىن كېلىدۇ » دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى تونۇتۇپ ، « مۇقىملىق ـــ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى » دېگەن قائىدىنى چىڭ تۇتتى .

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ تەلىپى بويىچە ، ئاكتىپلىق ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ ، چوڭ ھەق ـ چوڭ ناھەق ئالدىدا باشتىن ـ ئاخىر تونۇشى ئايدىڭ ، پوزىتسىيىسى ئېنىق ، ھەرىكىتى تەۋرەنمەس ، بايرىقى روشەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى . يۇسۇپ ئابدۇل باشچىلىقىدىكى جەڭگىۋار ، كۈچلۈك رەھبەرلىك كوللېكتىپى بولغاچقا بەلكەستى كەنتىدە يېقىنقى 12 يىل جەريانىدا ھەر خىل ئامانلىق ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرى سادىر بولمىدى .

ئۇ 1996 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە بولغان 4 يىلدا بەلكەستى كەنتىدىكى 12 ئائىلە ۋە يېزىلىق كونا دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى 15 ئائىلىلىك خەنزۇ دېھقاننىڭ 3060 مودىن ئارتۇق يېرىنى ھەقسىز ھەيدەپ بەردى. ھەمدە 27 ئائىلىلىك خەنزۇ دېھقانغا ئۆز يېنىدىن 960 كىلوگرام ئاشلىق ، 2500 كىلوگرام كۆمۈر ، 22 ھارۋا ئوتۇن ، 61 دانە ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەقسىز بەردى ھەمدە ئۆز يېنىدىن مەبلەغ ئاجرىتىپ 4 نامرات ئائىلىگە 112 كۋادرات مېتىرلىق خىش ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي سېلىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بەردى .

ناھىيىمىز دۇنيا بانكىسى قەرز مەبلىغىگە تايىنىپ ، 1992 ـ يىلدىن 1997 ـ يىلغىچە بولغان 5 يىلدا جاپالىق كۈرەش قىلىپ ، پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە ساغتام دېھقانچىلىق مەيدانىنى بارلىققا كەلتۈردى . بۇ جەرياندا يولداش يۇسۇپ ئابدۇل ئۆزى باشلامچى بولۇپ ، كەنت رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئەزالىرىغا خىزمەت ئىشلەپ ۋە ئۇلارنى قايىل قىلىپ ، كەنت كۆچەتخانىسىدا يېتىشتۈرگەن 59 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ھەر خىل كۆچەتنى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ياردەم قىلدى ھەمدە ساغتام دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى خەنزۇ دېھقانلارغا ئەلا سورتلۇق ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بۇغداي ئۇرۇقىدىن 2 .3 توننا ، قوناق ئۇرۇقىدىن 3 تونننى ئەڭ ئەرزان باھادا سېتىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ تېز نەپكە ئېرىشىشىنى كاپالەتلەندۈردى .

يولداش يۇسۇپ ئابدۇل ھەر يىلى باھار بايرىمى ۋە « مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى »دا مىللىي كادىرلارنى باشلاپ ساغتام دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە يېزىلىق كونا دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى بىر قىسىم خەنزۇ دېھقانلار ئائىلىسىگە بايراملىق سوۋغا ئېلىپ بېرىپ ، ئۇلاردىن ھال سوراشنى قەتئىي تۈزۈملەشتۈردى . كەنتتىكى ئۇيغۇر دېھقانلارغا پارنىكتا تېرىپ ئۆستۈرۈش ، توك بىلەن چۈجە چىقىرىش ، ئۆي قۇشلىرى بېقىش تېخنىكىسىنى ئىنچىكە ، ئەتراپلىق ئۆگىتىپ ئۇلارنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈردى . كەنت بىلەن كونا دېھقانچىلىق مەيدانى دوستلۇق ئورناتقىنىغا 20 يىل بولدى . بۇنىڭغا يۇسۇپ ئابدۇلنىڭ مېھنەت تەرى سىڭگەن . جەمئىيەت تىنچ ، ئەل خاتىرجەم ۋە ماھىر باشلامچى بولغاچقا ، بۇ كەنت ئۇدا 10 يىل چارۋىچىلىق ، ئورمانچىلىقتا مول ھوسۇل ئالغان ئىلغار ئورۇن بولدى . ئۆزىمۇ ھالال ئەم-

گىكى بىلەن بېيغان ئاساسىي قاتلام كادىرىغا
ئايلاندى . ھازىر ئۇنىڭ 55 ئات كۈچىگە ئىگە 1
تراكتورى ، 1 توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ، « 2020 »
تىپلىق 1 كىچىك ماشىنىسى ، 19 تۇياق چوڭ چارۋا ،
250 تۇياق كىچىك چارۋا ، ياغاچ زاۋۇتى ، 270
كۋادرات خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئولتۇراق ئۆ-
يى ۋە 60 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇلى بار .

يولداش يۈسۈپ ئابدۇل بېيغاندا نامرات-
لارنى ئۇنتۇپ قالمىدى . ئۇ كەنتتە تۇرمۇشتا قى-
يىنچىلىقى بار نامرات ئائىلىلەر بىلەن زىچ ئالاقە
باغلاپ ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق ئىگىلەپ ،
بىر قانچە يىلدىن بېرى ئەخمەت مۇھەممەت قا-
تارلىق 13 نامرات ئائىلىگە ئۆز يېنىدىن 850 يۈەن
نەق پۇل ، 1092 كىلوگىرام ئاشلىق ، 1 تۇياق كالا
(76 كىلوگىرام گۆش) ، 83 كىلوگىرام ياغ ياردەم
قىلىپ ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى .
نامرات ئائىلىلەردىكى 58 ئوقۇغۇچىنى 612 يۈەن-
لىك ئوقۇش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدى .

ئۇ 1990 ـ يىلى ۋە 2000 ـ يىلى 2 نۆۋەت
ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ،
2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ، 1989 ـ يىلى
ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بو-

يىچە نەمۇنىچى شەخس بولۇپ تەقدىرلەندى
ھەمدە 40 نەچچە قېتىم ۋىلايەت ، ناھىيە ، يېزا
تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى ، ئىلغار پار-
تىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى ، ئىلغار ئاساسىي قات-
لام كادىرى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى
شەخس قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپ
مۇكاپاتلاندى . بۇنىڭغا ماس ھالدا ئۇ خىزمەت
قىلىۋاتقان كەنت « دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقتىن
ئۇدا 10 يىل مول ھوسۇل ئالغان ئورۇن » مۇكا-
پاتىغا ، ۋىلايەت دەرىجىلىك « ياشلار خىزمىتى-
دىكى ئىلغار ئورۇن » ، « مەدەنىيەتلىك ياشلار
ئائىلىسى » ،« مەبلەغ توپلاپ مەكتەپ باشقۇ-
رۇشتا ئىلغار ئورۇن » ، « جەمئىيەت ئامانلىقىنى
ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە ئىلغار ئورۇن » ، « مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى ئىلغار ئورۇن » ،
« ئىلغار ۋەكىللەر پائالىيەت گۇرۇپپىسى »دېگەن
شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپ ، مۇكاپاتقا ئېرىشتى .

( ئاپتور توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كو-
مىتېتىدىن )

مەسئۇل مۇھەررىر : تاھىر مامۇت

( بېشى 46 ـ بەتتە )

ئادەتتىكى كېۋەزدىن 12 ـ 15 كىلوگىرامغىچە مەھ-
سۇلات ئاشتى . ئۇنىڭ ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭ-
قۇر چۆكۈپ ئۆزى بىۋاستە توپلىغان ماتېرىياللارغا
ئاساسەن يېزىپ چىققان « نوقۇتنىڭ ئالاھىدىلىكى
ۋە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى » ، « سوغۇق رايون-
لاردا چۆنەك ئېچىپ كەڭ ئەنلىك سۇلياۋ يوپۇق
يېپىپ كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى » قاتارلىق
تېخنىكىلىرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت دائىرى-
سىدە كېڭەيتىلدى .

يولداش ئارتۇق ياقۇپ يۇقىرىقىدەك نە-
تىجىلىرى بىلەن خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان
ئۇدا 6 يىل ناھىيە تەرىپىدىن « مۇنەۋۋەر پارتىيە

ئەزاسى » ، ئۇدا بەش يىل « ئىلغار خىزمەتچى » ،
يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن « يېزا ئى-
گىلىك تەشۋىقات سېپىدىكى ئىلغار شەخس » ،
ۋىلايەتلىك قىشلىق پەن ـ تېخنىكا رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن « ئون يىللىق قىشلىق
پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتىدىكى ئىلغار شەخس »
بولۇپ باھالاندى ۋە مۇكاپاتلاندى .

( ئاپتور ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلې-
ۋىزىيە ئىدارىسىدىن )

مەسئۇل مۇھەررىر : تاھىر مامۇت

# يېزا ئىگىلىك سىپىدىكى تۆھپىكار ياش

ئابدۇسالام نىياز

« بارلىقىم خەلققە مەنسۇپ ، هايات چې- ﻐﯩﻤﺪﺍ خەلقىم ئۈچۈن ئازدۇر ـ كۆپتۇر تۆھپە قو- شالىسام بۇ مېنىڭ بەختىم .»

بۇ يولداش ئارتۇق ياقۇپنىڭ ياشاش نە- شانى . ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدا- رىسىنىڭ باشلىقى ، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجى- سى ئارتۇق ياقۇپ يەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈپ ، ئۇچتۇرپان ناھىيىسى- نىڭ نامرات ، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈ- چۈن هاردىم ـ تالدىم دېمەي ئىشلەۋاتقان مۇ- نەۋۋەر ياشلارنىڭ بىرى . ئارتۇق ياقۇپ 1983 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ دېھقانچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈر- گەندىن كېيىن ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدار- سىدە تېخنىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى . بۇ جەرياندا ئۇ مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۇرۇپ ، ئۆزىدىن چوڭلارنى ئۇستاز تۇ- تۇپ ، بىلمىگەنلىرىنى ئەستايىدىل سوراپ ، دېھقان ـ چارۋىچىلار بىلەن بىرگە يېتىپ ـ قو- پۇپ ئەھۋال ئىگىلىدى . مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق تەكشۇرۇپ تەتقىق قىلدى . تەكشۇرۇش جەريانىدا ، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە يەر ئاز ، ئادەم كۆپ ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى ئاددىي ، تېرىقچىلىق ئۇ- سۇلى كونا ، ئوتتۇرا ـ تۆۋەن هوسۇللۇق ئېتىزلار بىر قەدەر كۆپ بولۇشنىڭ ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئاساسى سەۋەب ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىپ ، ناھىيىنىڭ نامرات ، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا چوقۇم بازار ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ ، دېھقانچىلىق قۇ- رۇلمىسىنى تەڭشەپ ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا يېتەكلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ ، ئىشنى تۆۋەن هوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىشتىن باشلىدى . ئىزچىل تىرىشىپ ، يىل بويى ئىزدىنىش ئارقىلىق ناھىيىنىڭ تۆۋەن هوسۇللۇق يېرىدىن 130 مو كۆلەمنى ئۆزى بىۋاستە تۇتۇپ سىناق قىلىپ ئىشلەپ ، دەسلەپكى قەدەمدە نەتىجە قازاندى . ئۇنىڭ بۇ ھەقتە يازغان « 3 ـ خىل ئېتىزلاردا بۇغدايىنىڭ مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغ- رىسىدا »سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىسى تەتقىقات- چىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى .

ئارتۇق ياقۇپ يەنە شال ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا پائال ئىزدىنىپ ، شال ئۆستۈرۈشتە پەتنۇستا مايسا تەربىيىلەپ ئېتىزغا كۆچۈرۈش تېخنىكىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق قىلىپ ، ناھىيىنىڭ شالچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مەھسۇلات ئاشۇردى . ئۇنىڭ بۇ ھەقتە يازغان « شال مايىسى يېتىشتۈرۈش ۋە شال ئۆستۈ- رۈش تېخنىكىسى »دېگەن كىتابى ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى مۇھىم قوللانما شۇنداقلا يەن ـ

45

2001

تېخنىكا تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ قىممەتلىك ماتېرىيالى بولۇپ قالدى .

1988 ـ يىلى تەشكىل ئۇنى ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى . ئۇ بۇنى يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق قوراللاندۇرۇپ دېھقانلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا يېتەكلەشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلىپ ، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن دەرسلىك ماتېرىياللارنى تۈزۈپ دېھقان ـ چارۋىچىلارغا قىسقا مۇددەتلىك ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان كۇرسلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، لېكسىيە سۆزلەشنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى . كۈندۈزلىرى مەكتەپنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى بېجىرىش بىلەن ئالدىراش بولسا ، كېچىلىرى تەتقىقات ۋە دەرسلىك ماتېرىياللارنى تەييارلاش بىلەن بەنت بولدى . ئارتۇق ياقۇپ زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ، تەدبىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ، تىرىشچانلىقى بىلەن تېزلا رەھبەرلىكنىڭ قوللىشىغا ۋە ئاممىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى . 1994 ـ يىلى يولداش ئارتۇق ياقۇپ ناھىيىلىك تېخنىك كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ باشلىقى بولدى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ زىممىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ، ئىلغار پەن ـ تېخنىكىنى دېھقان ـ چارۋىچىلار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش تەخىرسىز خىزمەت ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ تونۇپ يەتتى . ئۇ ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماي ، پۈتۈن زېھنىنى ئىلغار تېخنىكىلارنى دېھقان ـ چارۋىچىلار ئارىسىدا كېڭەيتىپ ، ناھىيىنىڭ نامرات قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە قاراتتى .

1995 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئاچاتاغ ۋە ئاقيارىدىن ئىبارەت ئىككى يېزىدا 600 مو كۆزگى بۇغدايدىن قۇر قالدۇرۇپ ئارىسىغا قوناق كىرىشتۈرۈپ تېرىشنى سىناق قىلىپ ، بىرلىك كۆلەمدە مەھسۇلات ئاشۇرۇشنىڭ ئۈنجى ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈردى . كەڭ كۆلەمدىكى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ « تونىلىق ئاشلىق » ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى . بۇنىڭ بىلەن « تونىلىق ئاشلىق » ئىشلەپچىقىرىش يىلدىن يىلغا كېڭەيتىلىپ ، دېھقانلارنىڭ ئېغىزىدىكى « ئەڭگۈشتەر » گە ئايلاندى . 1988 ـ يىلى كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان كۆلەم 53 مىڭ 500 موغا كېڭەيتىلدى . ناھىيە بويىچە بىر مو تونىلىق ئېتىزدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6 939 كىلوگرامدىن ھوسۇل ئېلىنىپ ، ناھىيە تارىخىدا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا يۇقىرى رېكورت يارىتىلىپ ، « تونىلىق ئېتىز »دىن ئىبارەت مۇشۇ بىر تۈردىلا 26 مىڭ 400 تونا مەھسۇلات ئاشۇرۇلدى . « تونىلىق ئېتىز » دىن قىلىنغان كىرىم ھەر مو يەرنىڭ 1042 يۈەنگە يېتىپ ، يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ كىشى بېشىغا 428 يۈەندىن توغرا كەلدى . بۇنى ئادەتتىكى ئېتىزلارغا سېلىشتۇرغاندا كىرىم كىشى بېشىغا 6 221 يۈەن ئاشتى .

1998 ـ يىلى تەشكىل ئۇنىڭغا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقى ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى . ئۇ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىگە بارغاندىن كېيىن قانداق قىلغاندا ناھىيىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا يەنىمۇ ئەتراپلىق ئىزدەندى . ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي ھاۋا كلىماتىغا ئاساسەن ، سوغۇق رايونلاردىمۇ كېۋەزنى بالدۇر تېرىپ ، بىرلىك ھوسۇلنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، ناھىيىنىڭ كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشىدا يېڭى بىر سەۋىيە يارىتىش ئۈچۈن ئۆزى بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلەپ ، ناھىيىدە كەڭ ئەنلىك كېۋەز تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتتى . پاختا بىرلىكىدە

( ئاخىرى 44 ـ بەتتە)

2001

# سۈرەت ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىشقا بولامدۇ؟

خۇشىيلىك

## ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سۈرىتى ئېلانغا ئىشلىتىلسە بولامدۇ؟

**جېجياڭ ئۆلكىسى شيەنجۈ ناھىيىسىدە ئۆلۈپ كەتكەن مومايىنىڭ سۈرىتى قەبرە تېشى ئېلانىغا ئىشلىتىلدى**

بۇلتۇر جېجياڭ ئۆلكىسى شيەنجۈ ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق چېن فامىلىلىك 6 ئاكا – ئۇكا شيەنجۈ ناھىيىلىك سەيدىياۋ مۇلازىمەت ئورنىنىڭ خوجايىنى ۋاڭ × ×نى سوتقا ئېلىپ چىقىپ، ۋاڭ × × نىڭ ئۆزلىرىدىن ئاشكارا ئەپۇ سورىشىنى، روھىي زىيان تۆلىمى ئۈچۈن 50 نەچچە مىڭ يۈەن تۆلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا جاۋابكار دەۋاگەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىنىڭ سۈرىتىنى ئېلانغا ئىشلەتكەنلىكى سەۋەب بولغانىدى.

بۇلتۇر 3 – ئاينىڭ 2 – كۈنى دەۋاگەرلەرنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار جاۋابكارغا قەبرە تېشى ياسىتىپ، ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ سۈرىتىنى چاپلاتقۇزغان. ئارىدىن 4 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دەۋاگەر ناھىيە بازىرىدىكى مەلۇم يول ئېغىزىدا بىر مۇنار تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ سۈرىتى چاپلانغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭدا جاۋابكار ئاچقان سەيدىياۋ مۇلازىمەت ئورنىدا ياسالغانلىقى ئەسكەرتىپ قويۇلغانلىقىنى بايقايدۇ. ئارقىدىنلا شيەنجۈ دەپىنە ئىدارىسىنىڭ يول ئاغزىدا يەنە مۇشۇنداق مۇنار بارلىقىنى، پەقەت ئىسمىنىڭلا ئۆزگەرتىپ قويۇلغانلىقىنى بايقايدۇ. دەۋاگەرلەرنىڭ دادىسى مۇشۇ سەۋەبتىن كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. دەۋاگەرلەر جاۋابكارنىڭ قىلمىشىنى ئانىمىزنىڭ سۈرەت ھوقۇقىغا دەخلى – تەرۇز قىلغانلىق، ئۇ بىزگە روھىي ئازاپ ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە دادىمىزنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە بىۋاستە سەۋەبچى بولدى، دەپ قارايدۇ.

شيەنجۈ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى ئەستايىدىل، چوڭقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق ھېسابلىدى. پۇقرالارنىڭ سۈرەت ھوقۇقىنىڭ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئەمما ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقى ئۇلارنىڭ ئۆلۈشى بىلەن تەبىئىي ھالدا يوقىلىدۇ ھەمدە دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇۋەرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ سۈرەت ھوقۇقى داۋاملىق قوغدىلىشى كېرەكمۇ – يوق دېگەن مەسىلە توغرىسىدا قانۇندا ھازىرغىچە ئېنىق بەلگىلىمە يوق، لېكىن ئاممىۋى تەرتىپ، ئۆرپ – ئادەت ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ سۈرەت ھوقۇقى قوغدىلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوت مەھكىمىسى بىرىنچى سوت ھۆكۈمىنى ئېلان قىلىپ، جاۋابكارنى دەۋاگەرنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلەشكە ھەمدە يازما كەچۈرۈم سوراشقا بۇيرىدى.

47

2011

### لۇشۈننىڭ سۈرەت ھوقۇقىغا دائىر ئۈچىنچى دېلو مىسالى

### لۇشۈننىڭ سۈرىتى پايدا ئېلىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلسە بولامدۇ ؟

ئۆتكەن يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جېجياڭ ئۆلكىسى شاۋشىڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى لۇشۈننىڭ سۈرەت ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنغان يەنە بىر دېلونى قاراپ چىقتى . سوتلاشقۇچى لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ئوغلى ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى جۇ خەيىڭ بىلەن شاۋشىڭ يۆۋاڭ ئۈنچە ـ مەرۋايىت ، ئالتۇن چەكلىك شىركىتى ئىدى .

دەۋاگەر جۇ خەيىڭنىڭ ۋاكالەتچىسى ، شاڭخەي تيەنخۇڭ ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ مۇدىرى ئادۋوكات جۇ مياۋچۈن ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى : « 1996 ـ يىلى 8 ـ ، 9 ـ ئايلاردا جۇ خەيىڭ شاۋشىڭدا بەزى دۇكانلارنىڭ كۆزنىكىدە لۇشۈننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن قەلەمدان قويۇلغانلىقىنى بايقايدۇ ، ئۇنىڭ ھەر بىرىگە 953 يۈەن باھا قويۇلغان ھەمدە ‹شاۋشىڭ يۆۋاڭ ئۈنچە ـ مەرۋايىت ، ئالتۇن چەكلىك شىركىتى ياسىدى› دېگەن خەتلەر بېسىلغانىكەن » دەۋاگەر بۇنى پايدا ئېلىش مەقسىتىدە ياسالغان خاتىرە بۇيۇمى ، لۇشۈن ئەپەندىگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ، لۇشۈننىڭ سۈرەت ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق دەپ قاراپ ، ئادۋوكات جۇ مياۋچۈنگە ئىسپات ئېلىپ دەۋا قىلىشنى ھاۋالە قىلدى . بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شاۋشىڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى قوبۇل قىلدى .

سوتتا ئىككى تەرەپنىڭ ئادۋوكاتى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سۈرەت ھوقۇقى بولامدۇ ـ يوق ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كەسكىن مۇنازىرىلەشتى . ئادۋوكات جۇ مياۋچۈن مۇنداق قارىدى: « سۈرەت ھوقۇقى بىر خىل كىشىلىك غورۇر ھوقۇقى بولۇپلا قالماي ، يەنە بىر خىل مەنىۋى ھوقۇق ۋە مۈلۈك ھوقۇقىدۇر . سۈرەت ھوقۇقى ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ سۈرەت ھوقۇقىنىڭ ماددىي مەنپەئەتى ۋە مۈلۈك مەنپەئەتى قوغدىلىشى كېرەك . جاۋابكارنىڭ پايدا ئېلىش مەقسىتىدە لۇشۈننىڭ سۈرىتىنى ئىشلىتىش قىلمىشى لۇشۈننىڭ سۈرەت ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق ، دەۋاگەرنىڭ لۇشۈننىڭ سۈرىتىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق . »

جاۋابكار ئۆزىنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقى ھەمدە دەۋاگەرنىڭ دەۋا سۇبيېكتى بولالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، بۇ پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ، دەۋاگەرنىڭ ۋاكالەتچىسى سوتتا مۇنداق دەۋا تەلىپىنى يەنى ، جاۋابكارنىڭ نامۇۋاپىق تاپقان پايدىسى ئۈچۈن سوت مەھكىمىسىنىڭ جاۋابكارغا دەۋاگەرنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلەشكە بۇيرۇشىنى ئىلتىماس قىلدى . سوت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ سوتنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن بىر يېرىم سائەت كېڭەشكەندىن كېيىن مۇنداق كېلىشىم ھاسىل قىلدى: « جاۋابكار لۇشۈننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن قەلەمداننى ياساش ۋە سېتىشتىن بۇرۇن دەۋاگەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىغان ، شۇڭا ئامباردا ساقلىنىپ قالغان تاۋارلارنى سېتىشقا بولمايدۇ . جاۋابكار سوتتا دەۋاگەردىن كەچۈرۈم سورايدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا 15 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەيدۇ . »

بۇ كېلىشىمنامە سوتتا مۇخبىرلارغا ئىككى قېتىم ئوقۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ ئادۋوكاتى سوت خاتىرىسىگە ئىمزا قويدى . ئەمما چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تە جاۋابكار چەكنى ئاپىرىپ بېرىدىغان چاغدا ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ ، ئىككى يېرىم سائەت بۇرۇن ئېلان قىلىنىپ ئىمزا

قويۇلغان كېلىشىمنامىنى بىكار قىلدى .

بۇ دېلو توغرىلىق بۇلتۇر 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىككىنچى قېتىم سوت ئېچىلىپ ، گۆھەر ، ئالتۇن دۇكىنىنىڭ نامۇۋاپىق پايدا ئالغانلىق قىلمىشى ئوقتىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى . ھەممە 3 ئاي ئىچىدە ھۆكۈم چىقىرىلىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى .

**جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەر مۇنداق باھا بەردى :**

## ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سۈرەت ھوقۇقى قوغدىلىشى كېرەك

ئادۋوكات جۇ مياۋچۈن مۇنداق قارىدى : سۈرەت ھوقۇقى گەرچە بىر خىل كىشىلىك ھوقۇق بولسىمۇ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۇنى مەنىۋى مەنپەئەت ۋە ماددىي مەنپەئەت دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىشقا بولىدۇ . سۈرەت ھوقۇقىدىكى ماددىي مەنپەئەت سۈرەت ئىشلىتىشتىن كەلگەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى كۆرسىتىدۇ . ئىقتىسادىي مەنپەئەت دېگىنىمىز مۈلۈك مەنپەئىتى بولۇپ ، مۈلۈك مەنپەئىتىنى بىر خىل مۈلۈك ھوقۇقى دەپ قاراشقا بولىدۇ . مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇنى ھوقۇق سۇبيېكتلىرى ئارا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولىدۇ . ھوقۇق تۈرىدىن ئايرىغاندا ، سۈرەت ھوقۇقىنى قايتىلىنىش ھوقۇقى ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ . قايتىلىنىش ھوقۇقى دېگىنىمىز مەنىۋى ھوقۇق ، ئىشلىتىش ھوقۇقى بولسا مۈلۈك ھوقۇقىدۇر . بۇ خىل ئىشلىتىش ھوقۇقىغا سۈرەت ھوقۇقى ئىگىسى خاس ئىگىدارلىق قىلسىمۇ ، سۈرەت ھوقۇقى ئىگىسى باشقىلارنىڭ ھەقلىق ياكى ھەقسىز ئىشلىتىشىگە بەرسىمۇ بولىدۇ . بۇ باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ سۈرىتىنى ماگىزىن كۆزنىكىگە قويۇشىنى ياكى تېلېۋىزور ، گېزىت ، ژۇرناللاردا ئېلان ئۈچۈن ئىشلىتىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . نۆۋەتتە بازار ئىگىلىكى كۈندىن كۈنگە تەرەققىي قىلىپ ، سۈرەتمۇ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە كۆپ ھاللاردا پۇل تېپىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدىغان بولدى . سۈرەت ھوقۇقىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىمۇ كۈنسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى . ناۋادا سۈرەت ھوقۇقىنى نوقۇل ھالدا كىشىلىك ھوقۇق كاتېگورىيىسىگە چۈشەپ قويۇپ ، سۈرەت ھوقۇقى ئىگىسىنىڭ مەنىۋى مەنپەئىتىنىلا تەكىتلەپ ، مۈلۈك ھوقۇقى بىلەن كارىمىز بولمايدىغان بولسا ، سۈرەت ھوقۇقى ئىگىسىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىغا تەسىر يەتكۈزگەن ۋە دەخلى ـ تەرۇز قىلغان بولىمىز . ئەڭ تىپىك بولغىنى ، سۈرەت ھوقۇقى ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تەسىرىنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىمۇ شۇ ھامان يوقۇلىدۇ . سۈرەت ئىشلەتكۈچىنىڭ سۈرەتنى ھەقلىق ئىشلىتىشتىن ھەقسىز ئىشلىتىشكە ئۆزگىرىشىگە ، قانۇنسىز ئىشلىتىشتىن قانۇنلۇق ئىشلىتىشكە ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ . بۇ ھال دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدىكى باراۋەر مەنپەئەت يەتكۈزۈش ، تەڭ قىممەتتە ھەق بېرىش پرىنسىپىغا زىت .

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قانۇنشۇناسلىق ئورنىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جيافۇ 1986 ـ يىلى 7 ـ ئايدا بېيجىڭ شەھەرلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇيۇشتۇرغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدا مۇنداق دېگەنىدى: « ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ سۈرەت ھوقۇقى قوغدىلامدۇ ياكى قوغدالمامدۇ؟ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئەلۋەتتە سۈرەت ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇۋەرمەيدۇ . لېكىن سۈرەت ھوقۇقى ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ شەخسىيىتى ، نام شۆھرىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ، باشقىلارنىڭ ئۇنى ھاقارەت كەلتۈرۈش خاراكتېرىدە ئىشلىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ . مۇبادا پايدا ئېلىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلگەن بولسا ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ۋارىسىنىڭ ما-

قۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك.»

ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان «كىشىلىك ھو-
قۇق قانۇنىنى چۈشىنىش ، ئىشلىتىش ۋە بۇ ھەق-
تىكى دېلو مىساللىرى ئۈستىدە تەھلىل» دېگەن
كىتابتا بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلىنغان : «پۇق-
رالار ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ قانۇن جەھەتتىن
بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن
قوغدىلىدىغان مەنپەئەتكە ئۆزگىرىدۇ . مەلۇم ئە-
مەلىيەتتىن ئۆتكەندىن كېيىن باشقا ھوقۇق سۇب-
يېكتلىرىغا يۆتكىلىدۇ ياكى باشقىچە شەكىلدە
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . . . »

بۇ سۈرەت ھوقۇقىنى قوغداش ئۇسۇلى
بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىدۇ ، ئۆلۈپ
كەتكەنلەرنىڭ سۈرىتىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن ،
ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياكى ئالاقىدار
ئورگانلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەك ، بول-
مىسا ، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىنى
شەكىللەندۈرىدۇ ، بۇنداق ئەھۋالدا دەخلى - تە-
رۇزنى توختىتىش ، نام - ئابروينى ئەسلىگە كەل-
تۈرۈش ، تەسىرنى تۈگىتىش ، ئۆزرىخاھلىق
ئېيتىش ، زىياننى تۆلەش قاتارلىق ھەق تەلەپ
مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك .

ئۆلۈپ كەتكەن شەخس (جامائەت ئەربابى)
بولغاچقا ، داڭلىق شەخسلەرنىڭ سۈرەت ھوقۇقىنى
قوغداش كېرەكمۇ - يوق دېگەن مەسىلىدە ، ئاد-
ۋوكات جۇ مياۋچۈن مۇنداق قارىدى: «داڭلىق
شەخسلەرنىڭ سۈرىتى خىزمەت ئۈستىدە چۈشكەن
سۈرەت ۋە غەيرىي خىزمەت ئۈستىدە چۈشكەن
سۈرەت دەپ ئايرىلىدۇ ، ئۇشۇن ھايات ۋاقتىدا
ئەركىن يازغۇچى بولۇپ ، ھېچقانداق ۋەزىپىسى
يوق ئىدى . غەيرىي خىزمەت سۈرىتىگە نىسبەتەن
ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاشلا سۈرەت ھو-
قۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ . ئەگەر سۈرەت ئىگە-
سىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆز مەيلىچە
ئىشلىتىلسە ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمى-
شىنى شەكىللەندۈرىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا خىزمەت
ئۈستىدە چۈشكەن سۈرەت بولسىمۇ ، ئۇ ھەر
قانداق ئادەم ۋە تەشكىلاتنىڭ خالىغىنىچە ئىش-
لەتسە بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ ، مۇن-
داقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، بۇنداق سۈرەتلەر ئىجتى-
مائىي جامائەت پاراۋانلىقى مەقسىتىدە ئىشلىتىلسە
بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق . مۇبادا ئۇ ھاقارەت كەلتۈ-
رۈش خاراكتېرىدە ئىشلىتىلسە ياكى خالىغانچە تى-
جارەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلسە ، قانۇندا بۇنىڭغا
رۇخسەت قىلىنمايدۇ .

شەرقىي جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئىنستى-
تۇت «قانۇنشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش
مۇھەررىرى فۇ دىڭشېڭ مۇنداق قارىدى: «جا-
مائەت ئەربابلىرىنى داھىي ، داڭلىق ئالىم ، سەن-
ئەتكار ، ئۆلىما دەپ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق
ئايرىش كېرەك . جەمئىيەتنىڭ داھىيلارنىڭ سۈ-
رەت ھوقۇقىغا قويغان چەكلىمىسى باشقا جامائەت
ئەربابلىرىدىن پەرقلىق بولۇشى كېرەك . داھىيلار
دۆلەت خىزمەتچىلىرى بولغاچقا ، ئۇلار دۆلەتنىڭ
سىياسىي تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق شۇن-
داقلا دۆلەت بەرگەن مائاشتىن بەھرىمەن بولىدى-
غان بولغاچقا ، ئۇلارغا قويۇلىدىغان چەكلىمىمۇ
باشقىلارغا قارىغاندا قاتتىقراق بولىدۇ . داھىيلار-
نىڭ سۈرىتى جامائەت پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئىشلە-
تىلسە سۈرەت ھوقۇقى ئىگىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى
ئالمىسىمۇ ، ئۇلارغا ھەق بەرمىسىمۇ بولىدۇ .
ئۆلىما ، سەنئەتكار ، ئالىم قاتارلىقلارنىڭ سۈرى-
تىنى ئىشلىتىشتە ، چوقۇم سۈرەت ھوقۇقى ئىگە-
سىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ، مەلۇم نىسبەتتە ھەق
بېرىش كېرەك . داھىيلار بىلەن ئۆلىما ، سەنئەتكار ،
ئالىملارنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ .»

( «قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 2000 - يىل 15 -
نويابىر سانىدىن نۇرگۈل كېرەم تەرجىمىسى )

# ئۇرۇش تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمى

ۋاڭ پېيىن

زېمىنى كىچىك ، ئاھالىسى ئاز ئىسرائىلىيە
دۆلىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بەش قېتىم
كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش ۋە سان ـ ساناقسىز چېگرا
توقۇنۇشىنى باشتىن كەچۈردى . ئىسرائىلىيىنىڭ
ھەربىي كۈچى بۇرۇنقى 20 نەچچە مىڭدىن كۆپىيىپ
60 مىڭغا يەتتى . بىرلا خىل قۇرۇقلۇق ئارمىيە-
سىدىن تەرەققىي قىلىپ ئەسكىرىي كۈچى مۇكەم-
مەل زامانىۋى قوشۇنغا ئايلىنىپ ، ئوتتۇرا شەرق-
تىكى قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئايلاندى . بۇنىڭ
سەۋەبى ئىسرائىلىيىنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان ھەربىي
مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈ-
رۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ ، بىر يۈرۈش ئۆزگىچە ،
ئۆز دۆلىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان
ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمىنى ۋۇجۇدقا
كەلتۈرگەنلىكىدە .

*ياشلارنىڭ ھەربىي سەپكە*
*قاتنىشىش نىسبىتى يۇقىرى*

ئىسرائىلىيىدە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش
تۈزۈمى ئومۇملاشتۇرۇلغان ، ياشلارنىڭ ھەربىي
سەپكە قاتنىشىش نىسبىتى دۇنيادىكى باشقا دۆ-
لەتلەرنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى بولۇپ ، ئادەتتە
ئەرلەرنىڭ 85% ـ 90% كە يېتىدۇ . ئاياللارنىڭ
50% تىن ئاشىدۇ . ئىسرائىلىيىنىڭ ئاھالىسى ئاز
بولغاچقا ، ئەسكىرىي كۈچى يېتىشمەيدۇ . بۇ
ئەھۋالغا قارىتا ئىسرائىلىيىنىڭ ھەربىي مەجبۇرى-
يەت ئۆتەش قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن : « ئو-
مۇمەن 18 ياشتىن 29 ياشقىچە بولغان ئەر پۇقرا ،
18 ياشتىن 24 ياشقىچە بولغان ئايال پۇقرا ئالاھىدە
ئەھۋال بولمىسا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىشى
شەرت . ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش ۋاقتى ئەر-
لەرنىڭ ئۈچ يىل ، ئاياللارنىڭ ئىككى يىل بولىدۇ .
ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن
كېيىن ، ئالاھىدە ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئاز ساندى-
كىلىرى داۋاملىق ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەندىن
سىرت ، قالغانلىرى بىردەك زاپاس قىسىم
قىلىنىدۇ . »

ئىسرائىلىيىنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش
قانۇنىدا يەنە مۇنداق بەلگىلەنگەن : « ئىسرائى-
لىيىنىڭ ئەرەب پۇقرالىرى ۋە ئىسلام دىنىغا ،
خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالىرى
ئىلتىماس قىلىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ھەربىي
مەجبۇرىيەت ئۆتىمىسىمۇ بولىدۇ . »ھەربىي مەج-
بۇرىيەت ئۆتەش قانۇنىدا كېسەللىك ۋە ئوقۇش
سەۋەبىدىن ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىيەلمەيدىغان-
لارنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتىنىڭ يېتەرلىك بولۇشى كې-
رەكلىكى ھەمدە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش
ئورگىنىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكى

تەلەپ قىلىنغان . بولمىسا ئۇلار يەنىلا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشتىن خالىي بولالمايدۇ .

## زاپاس قىسىم ئارمىيىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى

زېمىن كىچىك ، ئادەم ئاز بولۇشتىن كېلىپ چىققان ئەسكىرىي كۈچ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، ئىسرائىلىيىنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش قانۇنىدا زاپاس قىسىمنىڭ ئورنى ۋە رولى كۈچەيتىلگەن . ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ، ھۆكۈمەت ئىنچىكە ، سەرخىل دائىمىي ئارمىيە قۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، زور ، قۇدرەتلىك زاپاس قىسىم قۇرۇش فاكچىينى تۈزگەن ئىدى . شۇڭا ، زاپاس قىسىم ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ . نۆۋەتتە ئىسرائىلىيىنىڭ زاپاس ئەسكىرىي كۈچى 430 مىڭ كىشى بولۇپ ، ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 5 . 2 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىپ ، ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككىسىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 4% . 8 نى تەشكىل قىلىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ زاپاس قىسىمدا 365 مىڭ كىشى ، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ زاپاس قىسىمدا 10 مىڭ كىشى ، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ زاپاس قىسىمدا 55 مىڭ كىشى بار . زاپاس قىسىمنىڭ كېلىش مەنبەسىنى مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ : بىرى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر بولۇپ ، بۇلار زاپاس قىسىمنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ؛ يەنە بىرى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش يېشىدىن ئېشىپ كەتكەن پۇقرالار بولۇپ ، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەربىي سەپكە قاتنىشالماي ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىيەلمىگەنلەردۇر ، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش قانۇنىدا ئۇلارنىڭ زاپاس قىسىمغا قاتنىششى كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن . ئىسرائىلىيە پۇقرالىرىدىن ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان زاپاس قىسىمنىڭ ياش چەكلىمىسى ئەرلەرنىڭ 50 ياش ، ئاياللارنىڭ 24 ياش بولىدۇ .

## ئايال پۇقرالارمۇ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىشى شەرت

ئىسرائىلىيىنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش قانۇنىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق بەلگىلەنگەن : « ئومۇمەن يېشى 18 گە توشقان قىزلار ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىشى شەرت . سالامەتلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەنلەر ، ھامىلدار بولۇپ قالغانلار ، دىنىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشنى خالىمىغانلار ، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشتىن ئىلگىرى توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولغانلار ئەھۋالغا قاراپ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشتىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ . توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولمىغانلار ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشتىن كەچۈرۈم قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، زاپاس قىسىمغا قاتنىشىشى شەرت . ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش يېشىدىكى ئايال پۇقرالار ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشتىن كەچۈرۈم قىلىنىشتا ، مەخسۇس ئاپپاراتلارغا ئىلتىماس سۇنۇشى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىككى كىشى كېپىل بولۇشى شەرت . » قىزلار ھەربىي سەپكە قاتناشقاندىن كېيىن ، ئادەتتە 3 ھەپتىدىن 4 ھەپتىگىچە ئاساسىي مەشىقە قاتنىشىدۇ . مەشىق ئاياقلاشقاندا سالامەتلىكى ياخشى ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى ، مەشىق نەتىجىسى ئەلا بولغانلار قاتتىق تاللاشتىن ئۆتكەندىن كېيىن ھەربىي ئىنستىتۇتقا ئەۋەتىلىدۇ . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك ئورگانلاردا تېخنىك بولۇپ ئىشلەيدۇ ، قالغانلىرى ئادەتتىكى خىزمەتلەرنى قىلىدۇ .

ئاياللار ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىدە قوشۇمچە

52

خىزمەتلەرنى ئىشلىسىمۇ ، ھەر قايسى ئورۇنلارغا كەلگ تارقالغان . ئۇلار ئاساسلىقى دوختۇر ، شوپۇر ، كومپيۇتېر مەشغۇلاتچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ . بەزىلىرى ھەتتا قوشۇندا ئاساسىي مەشق دەرسى ئۆتىدىغان بولۇپ ، قىسمدا مۇھىم رول ئوينايدۇ .

### ھەربىي سەپكە قاتنىشىدىغانلار پسىخولوگىيە سىنىقىدىن ئۆتۈشى شەرت

ھەربىي سەپكە قاتنىشىدىغانلاردىن پسىخولوگىيىلىك سىناق ئېلىش ئىسرائىلىيىلىكلەرنىڭ ئۆزگىچە ئۇسۇلى شۇنداقلا ئەسكەر ئېلىش خىزمىتىدىكى مۇھىم تەرتىپلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . سىناق مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ، تەجرىبىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ھەربىي سەپكە قاتناشقۇچىنىڭ ھەربىي سەپكە كىرىش مۇددىئاسى ، ماسلىشىش ئىقتىدارى ، خىلمۇ خىل بېسىمغا بەرداشلىق بېرىش ئىرادىسى ، ئىجتىمائىي مايىللىقى ، ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈرۈش تۇيغۇسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . ھاۋا ئارمىيىسى ، دېڭىز ئارمىيىسى قاتارلىق كەسپچانلىقى كۈچلۈك قىسمغا قاتنىشىدىغان ئەسكەرلەردىن ئۆز كەسپىگە بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ تەپسىلىي پسىخىك سىناق ئېلىنىدۇ . سىناق ئاياقلاشقاندىن كېيىن مۇتەخەسسىسلەر ھەربىي سەپكە قاتنىشىدىغانلارنىڭ پسىخىك ساپاسىنى باھالاپ خۇلاسە چىقىرىدۇ . ئاخىرىدا ئەسكەر قوبۇل قىلغۇچى تارماق ئۇلارنى تۈرگە ئايرىيدۇ ھەمدە سالامەتلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىقنى بېكىتىدۇ .

### پاراۋانلىق تۈزۈمى مۇكەممەل

ياشلارنىڭ ھەربىي سەپكە قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن ، ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىدە كىشىنى جەلپ قىلىدىغان پاراۋانلىق تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ . يېڭى ئەسكەرلەر ھەربىي سەپكە كىرىشى بىلەنلا ئەسكەر قوبۇل قىلىش مەركىزى مەسئۇل بولۇپ يېقىن ئەتراپتىكى بانكىدا ئۇلارنىڭ نامىدا ھېساب ئېچىپ بېرىپ ، ھەربىي تەمىناتنى بانكا ھېساباتى ئارقىلىق تارقىتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ پارچە ـ پۇرات خىراجەت قىلىشى ئۈچۈن بىر بۆلۈك پۇلنى ئالدىن تارقىتىپ بېرىدۇ . دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىدە :« ئومۇمەن ھەربىي سەپكە قاتناشقانلار بۇرۇنقى مائاش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇۋېرىدۇ ، بۇ پۇلنى ھەربىي سەپكە قاتناشقۇچىنىڭ ئەسلى خىزمەت ئورنى بېرىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس خىراجىتىدىن چىقىم قىلىنىدۇ » دەپ بەلگىلەنگەن .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە يەنە نۇرغۇن پاراۋانلىق تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ . تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلەشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، ئىسرائىلىيە ئەسكەرلەر پاراۋانلىق كومىتېتى تەسىس قىلىپ ، ئۇنى نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشكە مەسئۇل قىلغان ، بۇ كومىتېت بەزى كونكرېت پاراۋانلىق پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئەسكەرلەرگە ھەر قايسى جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ . ئىسرائىلىيىدە مەيلى دۆلەت ئورگانلىرى بولسۇن ياكى خۇسۇسىي كارخانىلار بولسۇن ، خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىشىنى قوللايدۇ ، ھەتتا ھەربىي سەپتىن چېكىنىش گۇۋاھنامىسى بارلارنى تاللاپ ئىشلىتىدۇ .

(« ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى » نىڭ 2001 ـ يىل 11 ـ ئىيۇل سانىدىن نۇرگۈل كېرەم تەرجىمىسى)

# ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان سانائەت كارخانىلىرى

نۇرۇللا مۇئمىن يۇلغۇن

شنجاڭدا ئۆلكە تەسس قىلنغان (1884 ـ يىل)دىن كېين ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۇنجى ھەربىي مەمۇرىي ۋالىيسى ليۇجىنتاڭ ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتىش ۋە خارابلاشقان ئىجتىمائىي ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قاتار ئاكتىپ چارە ـ تەدبىرلەرنى يولغا قويغان . بۇ ھال ئۇز دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئىقتىسادىنى مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈپ ، ئايرىم سانائەت تارماقلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن زۆرۈر شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن . ئۇزاق ئۆتمەي ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆز ـ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ، ئۆز ـ ئۆزىنى بېيىتىش ۋە دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئاتالمىش « يېڭى سىياسەت » نى يولغا قويۇپ ، يېڭىچە قوشۇن تەشكىللەش ، يېڭىچە زاۋۇت ، كان ـ كارخانىلارنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان . بۇنىڭ بىلەن جايلاردا نۇرغۇنلىغان سانائەت كارخانىلىرى بارلىققا كېلىپ ، ئىقتىسادتا بىر مەھەل ئېشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن . « يېڭى سىياسەت » نىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۆز نۆۋىتىدە شىنجاڭ ئىقتىسادىغىمۇ مۇناسىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن . شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بىر قاتار سانائەت كارخانىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىشكە باشلىغان ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە مەركىزى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە قۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ سانى نىسبەتەن كۆپ بولغان .

## شىنجاڭ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى

بۇ زاۋۇت 1897 ـ يىلى ئۈرۈمچىنىڭ شىمىگۇ رايونىدا قۇرۇلغان بولۇپ ھۆكۈمەت ئىگىدارلىقىدىكى تۇنجى سانائەت كارخانىسى ھېسابلىنىدۇ . بۇ زاۋۇتنى قۇرغۇچى ئەينى ۋاقىتتىكى گەنسۇ ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى راۋىيىڭچى ئىدى . ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە ، مەزكۇر زاۋۇت مەخسۇس ئوق ـ دورا ياساش ، قورال ـ ياراغ رېمونت قىلىش ۋە كۆمۈش پۇل قۇيۇش ئېھتىياجى يۈزىسىدىن قۇرۇلغان . زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرى شاڭخەيدىن سېتىۋېلىنىپ ، سۇ كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن ھەمدە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ قورال ـ ياراغ ئىشلىرى ئۈچۈن مەخسۇس خىزمەت قىلدۇرۇلغان . زاۋۇتتىكى ئىشچىلار ئاساسەن ھەربىي خادىملار بولۇپ ، باشقا ساھەدىكى كىشىلەر ئىنتايىن ئاز بولغان . زاۋۇتنىڭ مەبلىغى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئاجرىتىلىپ ، راۋىيىڭچىنىڭ بىۋاستە مەسئۇللۇقى بىلەن باشقۇرۇلغان . 1925 ـ يىلىغا كەلگەندە ، زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كونىراپ كېتىشى ، چىقىمنىڭ زىيادە كۆپىيىپ كېتىشى ، مەلىكىلىك ئىشچىلارنىڭ يېتىشمەسلىكى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاقىلىپ قېلىشقا يۈزلەنگەن .

2001

54

### ئۈرۈمچى ماشىنىسازلىق ئىدارىسى

بۇ ئىدارە 1907 ـ يىلى ئۈرۈمچىنىڭ نەنلـ ياڭ رايونىدا قۇرۇلغان بولۇپ ، كېيىن شىمگۇغا يۆتكەلگەن . مەزكۇر ئىدارىدىكى ماتور ، قۇيمـ چىلىق ماشىنىسى ۋە ستانوك قاتارلىق ئۈسكۈنىـ لەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن گېرمانىيىدىن كىرگۈـ زۈلۈپ ، گېرمانىيىلىك تېخنىكلار ئارقىلىق قۇـ راشتۇرۇلغان . بۇ ئىدارە دەسلەپتە قورال ـ ياراغ ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ، كېيىنكى مەزگىللـەردە يەنە قوشۇمچە مىس پۇل قۇيۇش ۋەقورال ـ ياراغ رېمونت قىلىش كەسپى بىلەنمۇ شوغۇللـانـغـان . بۇنىڭ بىلەن جايلاردا بۇ ئىدارىگە ئوخشـىشـىپ كېتىدىغان ئۈرۈمچى ماشىنا زاپچاسلىرىنى رېمونت قىلىش باش زاۋۇتى (1927 ـ يىل 7 ـ ئاي) ، ئىلى ماشىنا زاپچاسلىرىنى رېمـونت قـىلـىش زاۋۇتى (1927 ـ يىل 7 ـ ئاي) ۋە چۆچەك بەش خىل مېـ تال زاپچاسلىرىـنى رېـمـونت قـىلـىش زاۋۇتى (1926 ـ يىل 7 ـ ئاي)غا ئوخشاش بىر قاتار سانـ ائەت كارخانىلىرى بارلىققا كېلىپ ، ئۇلار مەخـ سۇس ھەر خىل ماشىنا زاپچاسلىرىنى ياساش ۋە رېمونت قىلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشـ لىغان . ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغـانـدا ، يۇقىرىقى كارخانىلاردىكى رەندىلەش ستانوكلىرىـ نىڭ سانى 77 گە ، پىرسلاش ماشىنىسى ئۈچكە ، تۆمۈر كېسىش ماشىنىسى ئىككىگە ، توك ھەرىسى سەككىزگە ، ياغاچ تىلىش ۋە رەندىلەش ماشىنىسى تۆتتىن سەككىزگە ، توك بازغىنى ئۈچكە يېتىپ ، ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ پايدا سوممىسى كۆرۈـ نەرلىك ئېشىپ بارغان ھەمدە تېخنىكا جەھەتتىمۇ مۇئەييەن سەۋىيىگە يەتكەن .

### ئۈرۈمچى ئېلېكتر ئىستانسىسى

بۇ كارخانا 1920 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ ، دەسلىپىدە پەقەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى بىر قىسىم ئورگانلارنى توك بىلەن تەمىنلىگەن . 1928 ـ يىلىغا كەلگەندە ، ئـ لىمدىن كونا تىپتىكى بىر ئېلېكتروماشىنىنى سېتىـ ۋېلىپ ، شەھەرنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىـغـا تـوك بەرگەن . بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن تاقىلىپ قالغان .

### ئۈرۈمچى خۇرۇم زاۋۇتى

بۇ زاۋۇت 1922 ـ يىلى سودا ـ سانائەت ناـ زارىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان . تېخنىك خادىملىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەخسۇس تەكلىپ قىـ لىنغان . يېڭىچە باشقۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغاچقا ، دەسلەپتە ئىنتايىن كۆپ پايدىغا ئېرىشكەن . لېكىن كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ، ماشىنا ئۈسكۈـ نىلىرىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى ، ئىشلەپچىقىـ رىلغان مەھسۇلات مىقدارىنىڭ چەكلىكـلـىـكى ، شۇنداقلا باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ چىرىكلىكى تۈپەيلىدىن خارابلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن .

### ئۈرۈمچى فۇمىن توقۇمىچىلىق شىركىتى

بۇ شىركەت 1926 ـ يىلى قۇرۇلغان . زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرى تيەنجىندىن سېتىۋېلىنغان ھـەمـدە مەخسۇس تېخنىك خادىملار تەكلىپ قىلىنىپ ئىشـ لىتىلگەن . مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسـ لانغاندا ، بۇ شىركەت ھەر ئايدا تەخمىنەن ئىككى مىڭ توپ پاختا رەخت ئىشلەپچىقىرىپ ، ناھايىتى كۆپ پايدىغا ئېرىشكەن . 40 ـ يىللارغا كەلگەندە شىركەت ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كۆپىيىشى ھەم يېڭىلـ

نىشىغا ئەگىشىپ ، بىر ئۈرۈچۈقنىڭ يىلىغا ئىشلەپ-
چىقىرىدىغان پاختا يىپى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 700
جىڭغا يەتكەن . يۇڭ يىپ ئىگىرىش ماشىنىسى
تەخمىنەن ئون مىڭغا كۆپىيىپ ، شىركەتنىڭ يىلىغا
ئىشلەپچىقارغان يۇڭ رەختى نەچچە مىڭ جىڭغا
يەتكەن . بۇنىڭ بىلەن قۇمىن توقۇمىچىلىق شىر-
كىتى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ توقۇ-
مىچىلىق كارخانىسىغا ئايلىنىپ ، ئىقتىسادىي جە-
ھەتتە يىلدىن يىلغا روناق تېپىشقا باشلىغان .

## ئۈرۈمچى ئېلېكتر ئىستانسىسى

1936 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنگۇاڭ ئېلېكتىر
شىركىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ، مەبلىغى تەخمىنەن
400 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولغان . 1937 ـ يىلى
7 ـ ئايغا كەلگەندە پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرىگە
توك تارقىتىپ ، ئېلېكتر كۆچىنى دەسلەپتە 250
كىلوۋاتقا ، كېيىن يەنە 500 كىلوۋاتقا يەتكۈزگەن .
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە
ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلى ئېلېكتر ئىستانسىسى (1938 ـ
يىل 7 ـ ئاي) ، تۇرپان ئېلېكتر ئىستانسى (1936 ـ
يىل) ، چۆچەك ئېلېكتر ئىستانسىسى (1936 ـ يىل
7 ـ ئاي) ، ئۈچتۇرپان ئېلېكتر ئىستانسى (1938 ـ
يىل) ،قەشقەر ئېلېكتر ئىستانسىسى (1937 ـ يىل
7 ـ ئاي) ۋە ئالتاي ئېلېكتر ئىستانسىسى (1937 ـ
يىل 3 ـ ئاي) قاتارلىقلار قۇرۇلۇپ ، جايلارنىڭ
توك بىلەن تەمىنلىنىش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئال-
غان .

## ئۈرۈمچى باسما زاۋۇتى

بۇ زاۋۇت ھۆكۈمەت ئىگىدارلىقىدىكى كار-
خانا بولۇپ ، 1936 ـ يىل 7 ـ ئايدا شىنجاڭ گې-
زىتخانىسى تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ ، 1938 ـ يىل 6 ـ
ئايدىن باشلاپ رەسمىي ئىشقا چۈشكەن . زاۋۇت
ئۈسكۈنىلىرى ئاساسەن مەتبەئە ماشىنىسى ، تۈپ-
لەش ماشىنىسى ، قەغەز كېسىش ماشىنىسى قاتار-
لىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، گېزىت ـ ژۇر-
ناللارنى بىمالال بېسىپ تارقىتالىغان . بۇ مەز-
گىلدە ئۈرۈمچى باسما زاۋۇتىدىن باشقا ، يەنە
ئىلى باسما زاۋۇتى (1936 ـ يىل 7 ـ ئاي) ، چۆ-
چەك باسما زاۋۇتى (1937 ـ يىل 7 ـ ئاي) ، ئاقسۇ
باسما زاۋۇتى (1937 ـ يىل 7 ـ ئاي) ۋە ئالتاي
باسما زاۋۇتى (1936 ـ يىل 7 ـ ئاي) قۇرۇلۇپ ،
شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان نەشرىياتچىلىقى ئۈچۈن
زۆرۈر شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن .

## ئۈرۈمچى 1 ـ شالچىلىق زاۋۇتى

بۇ زاۋۇت 1936 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ
ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان .
ئۇنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاساسەن چەت ئەلدىن ئىم-
پورت قىلىنغان ھەمدە مەخسۇس ئىشچى قوبۇل
قىلىپ ، 1937 ـ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ رەسمىي
ئىش باشلىغان . ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە ئۈرۈمچى
2 ـ شالچىلىق زاۋۇتى (1936 ـ يىل 7 ـ ئاي) ۋە
ئىلى شالچىلىق زاۋۇتى (1936 ـ يىل 7 ـ ئاي)
قۇرۇلۇپ ، شال تىلىش بىلەن شۇغۇللانغان .

## ئۈرۈمچى شىن فېڭ يىپ ئېگىرىش فابرىكىسى

بۇ فابرىكا 1943 ـ يىلى قۇرۇلغان . مەبلەغنى
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ، چۆگچېڭ يۇفېڭ يىپ ئىگە-
رىش فابرىكىسى ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر
بىرلىكتە چىقارغان . مەبلىغى 83 مىليون 300 مىڭ
يۈەن بولغان . فابرىكا 5000 ئۈرچۇق ، 250

رەخت توقۇش ستانوكىغا ئىگە بولۇپ ، چۆگىچىلىك يۇفىلىك يىپ ئىگىرىش فابرىكىسىنىڭ ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى ئاساس قىلغان . فابرىكا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە جايلاردىكى پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىدىن پايدىلىنىپ ، يىلىغا 4500 تىڭمىتىن يىپ ئىشلەپچىقارغان . فابرىكىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئاساسەن ھەربىي ئېھتىياج ۋە قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن . كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىمسىزلىشىشى ۋە قاتناشنىڭ قولايسىزلىقىغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، چۆگىچىگىدىن كېلىدىغان 500 توننىدىن ئارتۇق توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرىدىن پەقەت 10 توننىسىلا يېتىپ كېلەلىگەن ، شۇڭا ، ئۇزاق ئۆتمەيلا تاقىلىپ قالغان .

### تەڭرىتاغ خىمىيە زاۋۇتى

بۇ زاۋۇت 1944 ـ يىلى ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ ، خىمىيە سانائىتىگە كېرەكلىك كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ، كالتسىي خلورىد قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان . تېخنىكا جەھەتتە چۆگىچىلىك تيەنيۈەن خىمىيە زاۋۇتى ياردەم بەرگەن . زاۋۇتنىڭ ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرى چېگىدۈدىن سېتىۋېلىنماقچى بولغان . لېكىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن زاۋۇت ناھايىتى تېزلا تاقىلىپ قالغان .

يۇقىرىقى كارخانىلار ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان ئاساسلىق سانائەت كارخانىلىرى ئىدى . بۇلاردىن باشقا يەنە بۇ مەزگىلدە ئۈرۈمچى ئۇن زاۋۇتى (1936 ـ يىلى 7 ـ ئاي) ،ئۈرۈمچى پىشلاق زاۋۇتى (1938 ـ يىلى 7 ـ ئاي) ، ئۈرۈمچى قەنت زاۋۇتى (1937 ـ يىلى 7 ـ ئاي) ، ئۈرۈمچى ۋودوپرووود شىركىتى (1937 ـ يىل 7 ـ ئاي) قاتارلىق كىچىك تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرىمۇ قۇرۇلغان .

---

مۇھىم مەنبەلەر:

1 . پەن زۇخۇەن:« شىنجاڭدا قۇرۇلغان فۇمىن توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ جەريانى » ، « شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى » 1982 ـ يىل 6 ـ سان .

2 . دېڭ بو:« شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تاۋار ئىگىلىكى ۋە كاپىتالىزمنىڭ بىخلىنىشى » ،« شىنجاڭ ئىقتىساد تەتقىقاتى » ژۇرنىلى ، 1984 ـ يىل 7 ـ سان .

3 . خۇاڭ تاۋ:« شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋە سانائىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا » « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » 15 ـ سان (ئىچكى سانى)

4 .يىن چىڭ تۈزگەن « شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995 ـ يىل نەشرى .

5 . كۇاڭ خاۋلىن: « جۇڭگو يېقىنقى زامان ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ئىقتىساد تارىخى » ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1992 ـ يىل نەشرى .

**( ئاپتور قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي ـ تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئاسپرانت ئوقۇتقۇچىسى )**

57

2001

# ئاپا ، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ قويغىن

بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا يازغان خېتىدىن ئۈزۈندە

1 . ئاپا ، بەزىدە سەن مېنى ناھايىتى سەت تىللايسەن ، مېنىڭ ئۆز قەدىر ـ قىممىتىم بار ، مەن ئىشنى خاتا قىلغىنىمدا ، روھىي جەھەتتىن ناھايىتى ئازابلىنىمەن ، ئۆزۈمنى ئەيىبلەيمەن .

2 . ئاپا ، قىزىققا ئىشەن ، مۇھەببەتلىششنى قىلچە ئويلىمىدىم ، مەن راستىنلا چوڭ بولدۇم ، مەندىن گۇمانلانما ، سورىما ، مەن بۇنداق قىلىشنى ياقتۇرمايمەن .

3 . سۆيۈملۈك دادا ، سېنى بەكلا سېغىندىم ، لېكىن ساڭا تېلېفون بېرىشتىن قورقتۇم ، چۈنكى ھەر قېتىم سەن ماڭا ۋارقىرايسەن .

4 . دادا ، ئاپا ، مېنىڭ ئۆگىنىش ۋەزىيىتىم ئېغىرلىشىپ ، ئالدىراشلىقتا پۇت ـ قولۇم يەرگە تەگمەيۋاتقان ۋاقىتتا ، مەن ھامان بىر سەۋەب تېپىپ چىقىپ ، ئۆيدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن قۇشقا ئايلىنىشنى ئويلايمەن .

5 . دادا ، ساڭا پىكرىمنى دەي ، مېنىڭ ئۆگىنىشىم ھېلىمۇ ياخشى ، سەن ئاپام بىلەن بىرلىشىپ دائىم مېنى ئۆيگە سولاپ قويىسەن . مەن سۇ ئۈزۈشنى ، پۇتبول تېپىشنى ياخشى كۆرىمەن ، سىلەر مېنىڭ قىزىقىشىمغا كۆڭۈل بۆلمەيسىلەر ، شۇنداق بولىدىغان بولسا قانداقمۇ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلالايمەن؟

6 . ئاپا ، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن سەن ۋە دادام بىلەن گەپ تالىشىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟

مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئىدىيىسى ، دۇنياسى بار ، پارنىكتىكى گۈلگە ئوخشاش بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن ، ئىتائەتمەن قويغا ئوخشاش بولۇپ قېلىشنى تېخىمۇ خالىمايمەن .

7 . دادا ، ئالدىنقى قېتىم مەن سېنى تاماكا چەكمەسلىككە دەۋەت قىلغاندا ، سەن ئاڭلاشنى خالىمايلا قالماي ، تېخى مېنى قاتتىق ئەيىبلىدىڭ ، شۇ چاغدا كۆڭلۈمنىڭ قانچىلىك ئازار يېگىنىنى بىلەمسەن؟ بۇ مېنىڭ سېنى ياخشى بولسۇن دېگىنىم ئىدى . ئەجىبا ، مېنىڭ سۆزۈمنىڭ سېنىڭ كۆڭلۈڭدە قىلچىمۇ قىممىتى يوقمۇ؟

8 . ئاپا ، مېنىڭ ئەڭ قوبۇل قىلالمايدىغىنىم سېنىڭ ئادەم تىللايدىغان سۆزۈڭ ، ئاچچىقىڭ كەلگەندە دائىم « سەن دۆت چوشقا ، كۈندىن كۈنگە دۆتلىشىپ كەتتىڭغۇ »دەپ تىللايسەن .

9 . ئاپا ، سەن قالايمىقان چېچىلما ، مېنى ۋە دادامنى سەت گەپ بىلەن تىللىما ، مېنىڭمۇ سەت گەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمدىن ئېھتىيات قىل .

10 . دادا ، ئاپا ، سىلەر گېپىڭلاردا تۇرمايدىكەنسىلەر ، دائىم ماڭا بىر نەرسە ئېلىپ بېرىمەن دەپ قويۇپ ئېلىپ بەرمەيسىلەر .

11 . ئاپا ، مەن كۈندىلىك خاتىرە يازسام سېنىڭ كۆرۈۋېلىشىڭدىن قورقىمەن ، ھەر قېتىم يېزىپ بولغاندىن كېيىن دائىم يىرتىۋېتىمەن .

12 . دادا ، سەن ئون ملڭ يۈەن خەجلەپ مېنى xxxدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشقا ئەۋەتتىڭ ، بىراق مېنىڭ ھەر قېتىمقى ئىمتىھان نەتىجەم ساڭا قاتتىق زەربە بەردى . ئالدىڭدا خىجىلمەن ، مەنمۇ ئىمتىھاننى ياخشى بېرىشنى ، سېنى خۇش قىلىشنى ئويلىغان بولسامىمۇ ، لېكىن ھەر قېتىم . . . . . قىلالمىدىم .

13 . دادا ، ئاپا ، مەن سىلەرنىڭ جېدەل ـ ماجىرا قىلىشقانلىقىڭلاردىن ، بۇ گۈزەل ئائىلىمىزنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشىڭلاردىن قورقىمەن ، مەن سىلەرنىڭ بىر ـ بىرىڭلارنىڭ دەردىگە يېتىشىڭلارنى ، مېنىڭ دەردىمگە تېخىمۇ يېتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن .

14 . دادا ، ئاپا ، ئىككىڭلار ئۇرۇشۇپ قالغان ۋاقىتتا ، كۆڭلۈم ناھايىتى ئازار يەيدۇ ، بەزىدە ھەقىقەتەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكۈم كېلىدۇ .

15 . دادا ، كومپيۇتېر ئىشلەتكەندە كۆزۈڭگە دىققەت قىل .

« ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تېز گېزىتى »نىڭ 2001 ـ يىل 21 ـ مايدىكى سانىدىن

**تاھىر مامۇت تەرجىمىسى**

مەسئۇل مۇھەررىر : نۇرگۈل كېرەم

# قىشتا تۇغۇلغانلار يېڭى شەيئىنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ

يېقىندا ، ئەنگلىيە ئالىملىرى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر تەتقىقاتنى ئېلىپ بېرىپ ، بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنىڭ ئۇنىڭ يېڭى شەيئىنى قوبۇل قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقىنى بەلگىلەش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان . قىشتا تۇغۇلغانلار يازدا تۇغۇلغانلارغا قارىغاندا يېڭى شەيئىنى تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلىدىكەن .

ئالىملارنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا ، ئۇز ۋاقتىدا ئاتاقلىق فىزىكا ئالىمى ئېينشتېين « نىسپىيلىك نەزەرىيىسى » تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقىتتا ، ئۇ فىزىكا ئالىمى قوللىغان ، توققۇزى قارشى چىققان . بۇ نەزەرىيىنى قوللىغۇچى فىزىكا ئالىملىرى 10 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە ئارىلىقتا تۇغۇلغانلاركەن ، قارشى چىققان توققۇز ئادەم ئىچىدە يەتتىسى يازدا تۇغۇلغانلاركەن .

داروىننىڭ « تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى »نىڭ تەتقىقات نەتىجىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش . داروىن « تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى »نى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقىتتا ، بۇ نەزەرىيىنى قوللىغان 12 بىئولوگىيە ئالىمىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى 10 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە ئارىلىقتا تۇغۇلغانلاركەن ، بۇ تەلىماتقا قارشى چىققان مۇتلەق كۆپ قىسىم بىئولوگىيە ئالىملىرى يازدا تۇغۇلغانلاركەن .

ئالىملارنىڭ قارىشىچە ، بۇ مۇھىت ۋە كلىماتنىڭ ئادەمنىڭ خاراكتېرىگە (بولۇپمۇ باللىق دەۋرىگە) تەسىر كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن ھەممىدە قىش ۋە يازدىكى يېمەكلىكنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئادەم تېنىدىكى گورمونلارنىڭ ئاجرىلىپ چىقىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئۇنىڭ سەۋەبى ئىكەن .

**تاھىر مامۇت تەرجىمىسى**

# مېۋىنى يېگەندە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

مېۋىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولۇپ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ھەزىم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. لېكىن مېۋىنى مۇۋاپىق يېيىش كېرەك، بولمىسا تال، ئاشقازاننى زەخىملەندۈرۈپ، كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ.

*ئاپېلسىن:* قىزتاق، چۈچۈمەل بولۇپ، كۆپ بەلغەم تۈكۈرىدىغانلار كۆپ ئىستېمال قىلسا بولمايدۇ. بولۇپمۇ كىچىك باللار كۆپ ئىستېمال قىلسا، تېرىسى سارغىيىپ، «ئاپېلسىن كېسىلى» بولۇپ قالىدۇ.

*ئالما:* تەبىئىي سوغۇق، چۈچۈمەل بولۇپ، تېنى ئاجىز، ئاشقازىنى سوغۇقلار كۆپ ئىستېمال قىلسا بولمايدۇ. ئالما تەركىبىدە ئېچىتىلغان قەنت تۈرىدىكى ماددىلار بولۇپ، چىشنى ئېغىر دەرىجىدە چىرىتىۋېتىدۇ. ئالمىنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئېغىزنى چايقىۋېتىش كېرەك. بىر قېتىمدا بىرنى يېسە مۇۋاپىق.

*بانان:* تەبىئىتى سوغۇق، تەمى تاتلىق، بۆرەك ياللۇغى، يۇقىرى بېسىمى بار بىمارلار كۆپ ئىستېمال قىلسا بولمايدۇ. قەۋزىيەت بولغانلار دائىم ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. ھەر قېتىمدا 2 ـ 3 تال ئىستېمال قىلىش كېرەك. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

*نەشپۈت:* تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، چۈچۈمەل، يۈرەك زەئىپلەشكەن، سۈلۈق ئىششىق كېسەللىگە گىرىپتار بولغانلار نەشپۈت ئىستېمال قىلسا بولمايدۇ. تال، ئاشقازىنى ئاجىز، چوڭ تەرىتى سۇيۇق كېلىدىغانلار ئېھتىيات بىلەن ئىستېمال قىلىش كېرەك. كۆپ ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

*شاپتۇل:* تەبىئىتى سوغۇق، تەمى تاتلىق. ئاز ئىستېمال قىلسا ياخشى. شاپتۇل زىيادە ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننى ئاسان زەخىملەندۈرىدۇ، بەدەنگە چىقان چىقىدۇ، ئاشقازاننى كۆپتۈرىدۇ، سوغۇق سۇ بىلەن يېسە، قورساق ئاغرىتىپ، ئىچ سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

*تاۋۇز:* تەبىئىتى سوغۇق، تەمى تاتلىق بولۇپ، تېنى ئاشقازىنى ئاجىز، چوڭ تەرىتى سۇيۇق كېلىدىغانلار كۆپ ئىستېمال قىلسا بولمايدۇ.

*دولانا:* تەبىئىتى سوغۇق، تەمى چۈچۈمەل بولۇپ، بەدىنى ئورۇق، ئاجىزلار ئېھتىيات بىلەن يېيىشى كېرەك. ھامىلدارلار كۆپ ئىستېمال قىلسا بولمايدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، بويىدىن ئاجىراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

*ئۆرۈك:* مۆتىدىل، چۈچۈمەل بولۇپ، كۆپ ئىستېمال قىلىنسا بولجۇڭ گۆش ۋە سۆڭەكنى زەخىملەندۈرىدۇ، سەكتە كېسەللىكى بارلار كۆپ ئىستېمال قىلسا بولمايدۇ. ئۆرۈك بەلغەم پەيدا قىلىدۇ، چىقان كېسەللىگە گىرىپتار بولغۇچىلارمۇ كۆپ ئىستېمال قىلسا بولمايدۇ.

تاھىر مامۇت تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# خۇسۇسىي ئىش بىلەن چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيىتى قانداق بېجىرىلىدۇ ؟

دۆلىتىمىزدە ئولتۇراقلىشىپ تۇرۇشلۇق جۇڭگو پۇقرالىرى خۇسۇسىي ئىش بىلەن چەت ئەلگە چىقماقچى بولسا ، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جايدىكى شەھەرلىك ، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ چېگرىدىن كىرىش ، چىقىشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا ئىلتىماس سۇنۇشى كېرەك .

**1 . بېجىرىشكە تېگىشلىك رەسمىيەتلەر مۇنداق بولىدۇ :**

(1) نوپۇس دەپتىرى ياكى باشقا نوپۇس ئىسپاتلىرىنى تەكشۈرۈشكە تاپشۇرۇش كېرەك .

(2) يازما ئىلتىماس يېزىش ، چەت ئەلگە چىقىش ئىلتىماس جەدۋىلىنى تولدۇرۇش كېرەك .

(3) ئىلتىماس قىلغۇچى خىزمەت قىلىۋاتقان ئورۇننىڭ چەت ئەلگە چىقىشقا قوشۇلۇش ھەققىدىكى پىكرىنى تاپشۇرۇش كېرەك .

(4) چەت ئەلگە چىقىش ئىشلىرىغا مۇناسىپ ئىسپاتلارنى تاپشۇرۇش بىلەن بىرگە ، ئالاقىدار سوئاللارغا جاۋاب بېرىش كېرەك .

**2 . تاپشۇرۇلىدىغان مۇناسىپ ئىسپاتلار :**

(1) چەت ئەلگە چىقىپ ئولتۇراقلىشىدىغانلار ئولتۇراقلاشماقچى بولغان جايدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قوشۇلغانلىق ئىسپاتى ، ئولتۇراقلىشىدىغان جاينىڭ ئىسپاتى ياكى بارماقچى بولغان دۆلەتنىڭ ئولتۇراقلىشىشقا رۇخسەت قىلىش ئىسپاتىنى تاپشۇرۇشى كېرەك .

(2) تۇغقان يوقلاش ، دوستلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە چىقىدىغانلار تۇغقانلىرى ، دوستلىرىنىڭ تەكلىپ ئىسپاتىنى تاپشۇرۇشى كېرەك .

(3) چەت ئەلگە چىقىپ مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىدىغانلار ۋارىسلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش توغرىسىدىكى قانۇنلۇق ئىسپاتنى تاپشۇرۇشى كېرەك .

(4) ئۆز خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلار قوبۇل قىلىدىغان مەكتەپنىڭ ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىش ئىسپاتىنى ۋە زۆرۈر بولغان ئىقتىسادىي كاپالەت ئىسپاتىنى تاپشۇرۇشى كېرەك .

(5) چەت ئەلگە چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىدىغانلار ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ ياكى ئادەم ياللىغۇچىنىڭ خىزمەتكە تەكلىپ قىلىش ئىسپاتىنى تاپشۇرۇشى كېرەك .

(6) چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىدىغانلار ساياھەت قىلىشقا كېتىدىغان تاشقى پېرېۋوت خىراجىتى ئىسپاتىنى تاپشۇرۇشى كېرەك .

تاھىر مامۇت تەرجىمىسى

2001

# ۋەكىللەر بار

(مۇخەممەس)

راخمانجان ئىمىر

پۈتۈن ئەل قوينىدا بىزدەك سۆزى چەندان ۋەكىللەر بار،
پىكىر، تەكلىپ بىرمەرگە زەپ ئېپى ئوبدان ۋەكىللەر بار،
كېزىپ سەھرايۇ قىشلاقنى پىكىر ئالغان ۋەكىللەر بار،
بولۇپ ئەلگە قاياش-مۇڭداش مېھىر چاچقان ۋەكىللەر بار،
دېسەك راستىن خەلق قوللاپ چاۋاك ئۇرغان ۋەكىللەر بار.

ۋەكىلى بىز ئاۋامنىڭكى قۇچاقىدا كۆلۈپ كەلگەن،
ئۈزۈپ دەرياسىدا ھەمدە تونۇرىدا كۆيۈپ كەلگەن،
بولۇپ ھاتەمچە مەرت-ئوغلان يۈكنى جىق يۈدۈپ كەلگەن،
يىگىنى زاغرىمۇ، گۆش، سۈت كۈندە مىڭ كۆرۈپ كەلگەن،
ئاۋام كۆرگەن ئەمەلىيەتتىن ھەزىل يازغان ۋەكىللەر بار.

رەئىس ، ۋالىي يەنە ھاكىم سۆزى ئەلگە يېقىشلىقكەن،
ئۇلارنىڭ قىلغىنى-ئەجرى خەلققە نەپ بېرىشلىككەن،
ئويلايدۇ ئەلنى، نامراتنى، كىبىرسىز بەك چىقىشقاقكەن،
لېكىن تۆۋەندە ئىش بۇزغان تىلى ئەگرى قىچىشقاقكەن،
مانا بۇلارنى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلغان ۋەكىللەر بار.

ئۈمىد ـ ئىستەك، ئارزۇلارنىڭ بايانى زور يۈرەكلەردە،
بولۇپ كەلگەچ سىياسەتلەر خەلققە كۆپ يۆلەكلەردە،
مادار، غەيرەت، چىدام ئاشتى قۇۋۋەت قايناپ بىلەكلەردە،
ۋەتەن بولدى گويا جەننەت، ياساندى گۈل-چېچەكلەردە،
مۇبارەك قۇت، نىشان ئۈچۈن قوشاق قاتقان ۋەكىللەر بار.

ھالىمىزغا يېتىپ تۆردى تالاي رەھبەرلەر قول بېرىپ،
سوراپ كەلدى يۇرت، ئەلنى قاياشىغا كۆڭۈل بېرىپ،
يېتەكلىدى بەخت-قۇتقا يولىمىزغا چىراق يېقىپ،
بېيىپ دېھقانىمۇ شادلاندى گۈيا تاغلارچە قەد كېرىپ،
شۇڭا دەۋرىمىگە رەھمەتلەر ئوقۇپ تۇرغان ۋەكىللەر بار.

# پارتىيە ھەققىدە قوشاقلار

تېرىۋالدۇق ئېتىزدىن،
ئالتۇن دانىنى، باشاقنى.
پارتىينىڭ شەنىگە،
ياڭراتتۇق كۈي-قوشاقنى.

پەرۋاز قىلىپ لاچىنلار،
كۆكتە قانات قاقىدۇ.
پارتىيگە مېھرىمىز،
دەريا بولۇپ ئاقىدۇ.

گۈل ئېچىلىپ باغلاردا،
چاچتى ھەريان خۇش پۇراق.
يول باشچىمىز پارتىيە،
بەختىمىزگە نۇرچىراق.

ئۆستەڭدىكى سۈزۈك سۇ،
ئاقار ئويناپ شوخلىنىپ.
پارتىينىڭ مېھرىدىن،
ماڭدۇق ئالغا روھلىنىپ.

باغۇ-ئورمان گۈل-گىياھ،
ئانا يەرنىڭ زىننىتى.
كۆيلىگەنگە تۈگىمەس،
پارتىينىڭ شەپقىتى.

ئالما تىزدۇق تەخسىگە،
ئانار تىزدۇق تەخسىگە.
پارتىيىمىز ياشىسۇن،
خەلقىمىزنىڭ بەختىگە.

يامغۇر ياغسا شارقىراپ،
كەڭرى زېمىن نەم بولدى.
پارتىيگە ئەگىشىپ،
ھەممە مىللەت جەم بولدى.

تۇرپاندا ئۈزۈم تولا،
تۇرلىرى ئۈنىڭ سەرخىل.
پارتىينىڭ دەۋرىدە،
بارچە مىللەت، ئۆم ـ ئىجىل.

قۇياش چېچىپ ئالتۇن نۇر،
باغلار تولدى ئانارغا.
كومپارتىيە يەتكۈزدى،
بىزنى نۇرلۇق باھارغا.

ئەھمەد تاشتۆمۈر رەتلىگەن

# قانۇن - نىزاملاردا قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار

| | |
|---|---|
| تاۋارلارنى يېزىلغان باھا سىرتىدا باھا قوشۇپ سېتىش | 标价之外加价出售商品 |
| باھا بېكىتىش ھوقۇقى ۋە دائىرىسى | 定价权限和范围 |
| باھا بېكىتىش مۇندەرىجىسى | 定价目录 |
| باھانى توڭلىتىش | 冻结价格 |
| جايلار باھا پەرقى | 地区差价 |
| لەيلىمە نىسبىتى | 浮动幅度 |
| باھا ھېسابلاش بىرلىكى | 计价单位 |
| پەسىللەر باھا پەرقى | 季节差价 |
| پاراۋانلىق مۇلازىمىتى باھاسى | 公益性服务价格 |
| جامائەت ئىشلىرىنىڭ باھاسى | 公用事业价格 |
| چەكلىمە باھانى بەلگىلەش | 规定限价 |
| سېتىۋېلىش - سېتىش باھا پەرقى | 购销差价 |
| تۈپ باھا | 基准价 |
| باھا ھەرىكىتى | 价格行动 |
| باھا تەرتىپى | 价格秩序 |
| باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنى تەڭشەش تىزگىنلەش | 价格总水评调控 |
| باھادا چۈشۈرۈش | 价格歧视 |
| باھاغا ئارىلىشىش تەدبىرى | 价格干预措施 |
| باھادا ئۆزىنى سوراش، باھادا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش | 价格自律 |
| باھا بېكىتىش ھوقۇقىنى يىغىۋېلىش | 集中定价权限 |
| باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىش | 降价处理 |
| ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ باھا بېكىتىشى | 经营者定价 |
| توپ ، پارچە باھا پەرقى | 批零差价 |
| ھۆكۈمەت بېكىتمە باھاسى | 政府定价 |
| ھۆكۈمەتنىڭ باھا مەسئۇل تارمىقى | 政府价格主管部门 |
| ھۆكۈمەت يېتەكچى باھاسى | 政府指导价 |
| ۋاستىچى ئاپپارات | 中价机构 |
| سىناپ سېتىلىش باھاسى | 试销价格 |
| بازار تەڭشەلمە باھاسى | 市场调节价 |
| باھا ئۆستۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىش | 实行提价申报制度 |
| باھا پەرقى نىسبىتىگە چەك قويۇش | 限定差价率 |
| باھا تەڭشەشنى ئەنگە ئالدۇرۇش تۈزۈمى | 调价备案制度 |
| پومپا پونكىتى | 泵站 |
| چاقماق قايتۇرغۇچ | 避雷器 |
| چاقماق قايتۇرۇش سىمى | 避雷线 |
| چاقماق قايتۇرۇش قۇرۇلمىسى | 避雷装置 |
| توك ئۆزگەرتىش مۇئەسسەسەلىرى | 变电设施 |
| توك ئۆزگەرتىش پونكىتى | 变电站 |
| توكنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئۆزگەرتىش | 变更用电 |
| تىرانسفورماتور | 变压器 |
| قوغداش رايونىنىڭ كەڭلىكى ۋە قوغداش بەلگىلىمىسىنى ئېنىق يېزىش | 标明保护区的宽度和保护规定 |
| ئۆتكۈزگۈچ سىم بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان جىسىم ئوتتۇرىسىدىكى بىخەتەرلىك ئارىلىقىنى ئېنىق يېزىش | 标明导线距穿越物体之间的安全距离 |
| بەلگە تېشى | 标石 |
| بەلگە تاختىسى | 标志(牌) |
| ئېلېكتر تورىغا كىرگۈزۈلگەن | 并网运行 |
| قوشۇمچە مۇئەسسەسەلىرى | 辅助设施 |
| توك تەكشۈرگۈچ | 查电人员 |
| توك سائىتىگە قاراپ ھەق ئالغۇچى | 抄表收费人员 |
| كۈل يىغىش مەيدانى | 储灰场 |
| كېمە ۋە كۆۋرۈك | 船舶和桥梁 |
| يەر يۈزىگە بولغان تىكلىكىدىن شەكىللەنگەن ئىككى پاراللېل تەكشىلىكتىكى دائىرە | 垂直地面所形成的两平行面内的区域 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى ئوغرىلاش | 盗窃电能 |
| ئۆتكۈزگۈچ سىم | 导线 |
| ئۆتكۈزگۈچ يان سىملارنىڭ يانغا گورىزونتال سوزۇلۇشى | 导线边线向外水平延伸 |
| ئۆتكۈزگۈچ سىمنى سۇ يولىدىن ئۆتكۈزۈشتىكى قوغداش مۇئەسسەسىسى | 导线跨越航道的保护施设 |
| تۈۋرۈك - مۇنارىغا چىقىدىغان شوتا ۋە پۇت قامىقى | 登杆塔的爬梯和脚钉 |

مۇخپۇل ئابلىمىت تەييارلىغان




« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن نەشر قىلى- نىدىغان ، مەملىكەت بويىچە ئوچۇق تارقىتىلىدىغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىردىنبىر ئۆلكە دەرىجىلىك ئايلىق ژۇرنال .

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە « ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىدۇ ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىدۇ . مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز دا- ئىرىسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيىغا دائىر ئۇچۇرلارنى خەۋەر قىلىدۇ . ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ . ھەر مىللەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى ، ۋەكىللىك ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتىگە دائىر مەلۇماتلارنى تەشۋىق قىلىدۇ . خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپى ۋە ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، سوتسىيالىستىك دېموكرا- تىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ .

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى چەت ئەل پارلامېنتلىرىنىڭ ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ .

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى يەنە مائارىپ ، پەن ـ تېخنىكا ، مەدەنىيەت ، سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق سا- ھەلەرگە ئائىت بىلىم ، ساۋات ، ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلىدۇ .

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر قىسقا ، ئىخچام ئەسەرلەر ئارقىلىق بەدىئىي تەلەپكارلارنىڭ ئىستېتىك زوقىنى قاندۇرىدۇ .

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى خەلق ئاممىسىنىڭ سىرداش دوستى بولۇپ كەلدى ۋە بۇ دوستلۇق بۇرچىنى داۋاملىق ئادا قىلىدۇ .

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ كۆزنىكى ، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنىڭ بازىسى ، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىقنىڭ مۇنبىرى بولۇپ ، ئوقۇشچانلىق ، نەزەرىيىۋىلىك ، تەربىيىچىلىك بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال ژۇرنال . ئۇ نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ، ھۆكۈمەتلەر ، سوت ، تەپتىش مەھكىمىلىرى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ ، قانۇنچىلىق نەزەرىيىچىلىرىنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقى بولۇپ كەلدى ۋە بارغانسېرى ھەر ساھە ئوقۇرمەنلى- رىنىڭ تەلپۈنىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلانماقتا .

بىز ئاپتورلارنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ سادىق دوستى ، دوست گەپنى يۈزتۇرانە ، ئوچۇق ئېيتىدۇ . شۇڭا تۆۋەندىكىلەرنى قايتا تەكىتلەيمىز :

1 . ماقالە ئەۋەتكۈچىلەر خەتنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە ماقالە قەغىزىگە ئوچۇق ، قۇر تاشلاپ يېزىپ ئەۋەتسە .

2 . ماقالە بىزگە ئەۋەتىلگەن بولسا ، باشقا گېزىت ، ژۇرناللارغا كۆچۈرۈلمىسى تەكرار ئەۋەتىلمىسە .

3 . ژۇرنىلىمىز ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا قىسقارتىشقا ھوقۇقلۇق . بۇنداق قىلىشنى خالىمايدىغان ئاپتورلار ئەسكەرتىپ قويسا .

4 . ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنمىغان ماقالىلەر قايتۇرۇلمايدۇ . ئاپتورلار ئورىگىنال نۇسخىسىنى قالدۇرۇپ ئەۋەتسە .

5 . ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ كۆز قارىشى ، نۇقتىئىنەزەرى ، ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيىسى ئاپتورنىڭ ئۆزىگە تە- ئەللۇق ، ئۇ ژۇرنىلىمىزغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ .

6 . ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بىزدە ، ژۇرنىلىمىزنىڭ سەممىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ باشقا گېزىت ژۇرناللارنىڭ كۆچۈرۈپ بېسىشىغا ، نەشرىياتچىلارنىڭ توپلام قىلىپ چىقىرىشىغا ياكى توپلام كىتابلارنىڭ ئىچىگە قوشۇپ نەشر قىلىشقا بولمايدۇ . شۇنداق ئەھۋال بولۇپ قالسا ھەر ئىككى تەرەپكە زۆرۈرىيەتسىز ئاۋارىچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ .

7 . ژۇرنىلىمىزغا قايسى جەھەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، تەكلىپ ، تەنقىد ، پىكىر بېرىلسە خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمىز . بېرىلگەن تەكلىپ ، تەنقىد ، پىكىرلەر ئەھمىيەتلىك بولسا رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتى بېرىمىز .

كېلىڭلار دوستلار ، ژۇرنالنى قول تۇتۇشۇپ بىللە ئىشلەيلى ، بىللە ئىلگىرىلەيلى .

سىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ، سالامەتلىك تىلەپ قول سوزغۇچى:

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى

2010

64

# خۇاشياڭ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر زاۋۇتى



ئۈرۈمچى شەھىرى مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر زاۋۇتى دەرۋازىسى

خۇاشياڭ شىركىتىنىڭ قارمىقىدا ئۈرۈمچى مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر زاۋۇتى، ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېچىنە - پىرەنىك زاۋۇتى، ئالاھىدە ئۇن زاۋۇتى، دورا - دەرمەك زاۋۇتى، قەغەز يەشىك زاۋۇتى ۋە خۇاشياڭ ماي قاچىلاش پونكىتى بار. شىركەت ياپونىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئىلغار ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، «خۇاشياڭ» ماركىلىق مۇسۇلمانچە تەييار چۆپ ۋە خىلمۇ خىل پېچىنە - پىرەنىكلەرنى ئىشلەپچىقاردى. ئۇلار ئىشلەپچىقارغان «خۇاشياڭ» ماركىلىق مەھسۇلاتلار غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەر قايسى جايلارغا سېتىلىپ ھەمدە روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىپ، ئىستېمالچىلار ياخشى كۆرىدىغان مەھسۇلاتقا ئايلاندى.



ئوراش - قاچىلاش



شىركەت ئاپتوموبىل ئەترىتى سەپەرگە چىقىشقا تەييارلاندى

# چىنشىڭ سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

چىنشىڭ سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 1993 - يىل 5 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، چىنشىڭ ماركىلىق دورا - دەرمەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدۇ، ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن كۈنجۈت يېغى، كۈنجۈت قىيامى، كاۋاۋىچىن - لازا يېغى ۋە پەمىدۇر قىيامى بار. مەھسۇلاتلىرىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ئورنى نازارەت قىلىدۇ.



باش دىرېكتور: چاڭ سۈنلى






ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار

BEIJING 2008
Candidate City

# بېيجىڭنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشىدا
# مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

1 . ئالتاي ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
2 . ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى
3 . فۇكاڭ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى
4 . پوسكام ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى
5 . تېكەس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى
6 . مەكىت ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى
7 . يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى
8 . گۇچۇڭ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى
10 . يېزا ئىگىلىك 6 ـ شى گۇچۇڭ دوختۇرخانىسى
11 . شىنجاڭ شېنجېن شەھىرى چەكلىك شىركىتى
12 . بېيتۈن يېزا ئىگىلىك 10 ـ شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
13 . قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى
14 . خوشۇت ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى
15 . قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى
16 . قەشقەر شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى
17 . باغراش ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى
18 . شىخەنزە شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
19 . ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى
20 . جىنگ ناھىيە جېڭشىن ئاشلىق ـ ماي شىركىتى
21 . ئاتۇش شەھەرلىك يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى
22 . يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى
23 . قۇمۇل شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى
24 . ئارشاڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
25 . تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ساياھەت مېھمانخانىسى
26 . شىخەنزە شەھەرلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى
27 . يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى ئوتتۇرا خەلق سوت سوت مەھكىمىسى
28 . مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
29 . شىنجاڭ خۋاتوڭ ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى
30 . يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى
31 . بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى
32 . يەكەن ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى
33 . ماناس ناھىيىلىك توك بىلەن تەمىنلەش چەكلىك مەسئۇ-
لىيەت شىركىتى
34 . يېزا ئىگىلىك 9 ـ شى ئەدلىيە ئىدارىسى
35 . بورتالا ئوبلاستلىق ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك مەس-
ئۇلىيەت شىركىتى
36 . تولى ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى
37 . ئۈرۈمچى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى
38 . مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى
39 . ماناس ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى
40 . مارالبېشى ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ
41 . ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەجبۇرىي زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنى
42 . تىيانشان رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
43 . يېزا ئىگىلىك 9 ـ شى دۆربىلجىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش
رايونلۇق ج خ ئىدارىسى
44 . بورتالا ئوبلاستلىق موڭغۇل تېبابەت دوختۇرخانىسى
45 . چىڭگىل ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانى ( ئالتاي تاغ
ئورمان ئىدارىسى چىڭگىل ئورمانچىلىق مەيدانى)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى : CN65 - 1033/D - W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 58 - 34
ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى : 01005433 باھاسى : 2 . 90 يۈەن